# تارىم ئۇركەشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تارىم ئۇركەشلىرى

(شېئىرلار)

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر
شۆبىسى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

مىللەتلەر نەشرىياتى

تارىم ئۇركەشلىرى
(شېئىرلار)
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى
تەرىپىدىن تۈزۈلدى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1980 - يىل 2 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1980 - يىل 7 - ئايدا بېيجىڭدا 2 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.61 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

بۇ توپلامغا 30 ـ يىللاردىن باشلاپ مەيدانغا چىققان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئارمىيە داموللا، كېۋىر نىياز، قۇربان ئىمىن، 40 ـ يىللاردىن باشلاپ مەيدانغا چىققان ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىقلارنىڭ، شۇنداقلا 50 ـ يىللاردىن باشلاپ كوزگە كورۇنگەن ئابدۇكېرىم خوجا، رەخىم قاسىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىرقەدەر كوزگە كورۇنگەن بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

توپلام دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ دەۋرلىرىدە يېزىلغان شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاساسىي قىسمىنى دولىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى يېزىلغان شېئىرلار تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە، مەزمۇن جەھەتتىن، جاھانگىر ـ لىككە، فېئودالىزمغا، بولۇپمۇ لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"قا قارشى كۇرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، سوتسىيا ـ لىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مول مېۋىلىرى، ئۇلۇغ كومپارتىيە، پىشقەدەم ئىنقىلاۋىي ئەجداد ـ لارنىڭ ئۆچمەس توھپىلىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەدھىيىلەنگەن. ئېما جەھەتتىن بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، شەكلى كوپ خىللىقتا ئىگە. شائىرلار، ئۇمۇمەن،

ئىنقىلاۋىي رېئالىزىم بىلەن ئىنقىلاۋىي رومانتىزىمنى بىرلەشتۈ-رۈشتەك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تەتبىق قىلىپ، جانلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى مىللى ئالاھىدىلىك بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىگە دەۋر روھىنى كۈچلۈك سىڭدۈرگەن.

خەلق قوشاقچىلىقىنى مەنبە قىلغان ئۇيغۇر شېرىيىتى ئۆز تارىخى جەريانىدا نۇرغۇنلىغان كلاسسىك شائىرلار ئىجادىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى گەۋدە قىلىپ، قېرىنداش مىللەتلەر شېرىيىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەزمۇنى مول، شەكلى مىللى ۋە كۆپ خىل، ۋەزنى تەلەپچان بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلدى؛ ئازاتلىقتىن كېيىن تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، باھاردىكى كەلكۈن سۈيىدەك جۇش ئۇردى؛ يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭدار چاقنىدى. تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسىنى كورگىلى بولغىنىدەك بۇ توپلامدىن، ئۈزلۈكسىز گۈللەپ ياشناۋاتقان ئۇيغۇر شېرىيەت گۈلزارلىقىنىڭ ئومۇمى مەنزىرىسىنى كورگىلى بولىدۇ، خەلقنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتىنى، يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان "4 كىشىلىك گۇرۇھ" بىر مەزگىل فاشىستىك مەدەنىيەت ئىستىبداتلىقى ۋە چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇزلىرىنىڭ ئىنتايىن سول نەرسىلىرى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزگە ناھايىتى چوڭ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى ۋە نەزىرىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

مەتبۇئاتنى يالغان گەپ، قۇرۇق گەپ، يوغان گەپ قاپلاپ كەتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىز كوپ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتتى. سەنئەت دېموكراتىيىسى خالىغانچە ئاياق ئاستى قىلىندى. لېكىن تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە خەلق دۇشمەنلىرى ئاخىر خەلق تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئۇلۇغ كۇرەشتىن ئولمەس شېرلار بارلىققا كېلىدۇ. ھەقىقەت قايتىدىن نۇر چېچىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ كۇرىشىگە ئاتلانغان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئىسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۇنلەپ، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىشقا پايدىلىق بولۇشنى كوزدە تۇتۇپ، بۇ توپلامنى تەييارلىدۇق. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خۇراپاتلىقنى تۇگىتىپ، روھىي ئاسارەتتىن ئازات بولۇپ، ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ رامكىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىجادىيەتتىكى ”چەكلەنگەن رايونلار“غا بوسۇپ كىرىشىمىز، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چوكۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىنى، ھىسسىياتىنى، ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى چۈشىنىشىمىز، ئۇلارنى ئەكس ئەتتۇرۇشىمىز، تۇرمۇش چىنلىغىنى ئاساس قىلىپ، راست سوزلەپ، خەلق ئالقىشلايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتى

شىنجياڭ شوبىسى

1979 ـ يىل ئوكتەبىر.

## مۇندەرىجە


**نىم شېھىت**

ئالدىدا.................................................( 1 )

سېغىندىم .............................................( 7 )

ئۇچرىشىش.............................................( 14 )

**كېۋىر نىياز**

ياشا داھى باغۋىنىم......................................( 18 )

رەخمەت ئوقۇيمەن ....................................( 19 )

**بىلال ئەزىزى**

بۇرادىرىمگە ...........................................( 21 )

گۈلۈمگە ...............................................( 22 )

يولدۇشۇمغا ...........................................( 23 )

**لۇتپۇللا مۇتەللىپ**

يىللارغا جاۋاپ.........................................( 25 )

خىيالچان تىلەك .....................................( 28 )

ياشلىق ــ ئۆگەن ....................................( 29 )

**زەيندىن سالى**

غۇلاچ تاشلا! .........................................( 31 )

چال سازىڭنى! .......................................( 33 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇسمن تۇرسۇن

مۇھەببەت ........................................ ( 34 )
تۇيۇقلار ........................................ ( 36 )

قۇربان ئۇسمن

غەلىبە ناغرىسى ........................................ ( 37 )
گۈلدەستە ........................................ ( 38 )

ئەلقەم ئەختەم

بېيجىڭ ........................................ ( 40 )
ئايدىڭ كېچىدە ........................................ ( 42 )
بەردىم جاۋاپ ........................................ ( 45 )

ئابلىز نازىرى

كوڭلۈم سەندىدۇر ........................................ ( 47 )
خۇاڭخې دولقۇنى ........................................ ( 48 )
ئەل مېھرى ........................................ ( 52 )

تېيىپجان ئېلىيوپ

ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ........................................ ( 54 )
سەنئەت باھارى ........................................ ( 57 )
رۇبائىيلار ........................................ ( 61 )

پەتتارجان مۇھەممىدى

ياشلىقىم ........................................ ( 66 )
شېئىر ۋە شائىر ........................................ ( 71 )
يۈر، ئالغا ........................................ ( 73 )

ئابدۇكېرىم خوجا
جۇزۇئىلى بىز بىلەن ........................( 76 )
رۇبائىيلار..........................................( 77 )
ئابدۇۋېلى خەلپەت
ئاق ئۇستەڭ..........................................( 79 )
قەھرىمانلارغا بارىكاللا...............................( 81 )
گۈلۈمگە — يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن يەر ئىسلاھاتىنىڭ
باشلانغانلىقىغا تەنتەنە.......................( 82 )
ئەزىزۇپ قاسىم
گۈزەل خاڭجۇ..........................................( 86 )
قايىنام ئۇركىشىنى ئەسلەيمەن ........................( 87 )
تاجىدىن قادىرى
كېتىپ بارىمىز گۈلۈستانلارغا ........................( 90 )
ئېتىز ..................................................( 92 )
مومىن سەپىرى
دەۋرىمنى كۈيلەيمەن ...................................( 93 )
زاكىر "زابوي" (ساتىرا) ................................( 94 )
رەخمىتۇللا جارى
ئۇلۇغ ۋەتىنىمگە.......................................(101)
دېخان قىزى ............................................(102)
رۇبائىيلار ..............................................(104)
ئەرشىدىن تاتلىق
سېنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟ ................................(106)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باش ئەتىياز ......................... (107)
ئالمىنى ........................... (109)

## مەخمۇت زەيدى

كەسپىمگە مۇھەببەت — ئوقۇتقۇچىلىق خاتىرەمدىن...... (111)
قوغۇنلۇق يولى...................... (112)
ياد ئەتسەم "لۇتۇنى"................ (113)

## تۇردى سامساق

يۈرەك ساداسى ...................... (115)
يۈرەك ............................ (117)
خوراز ۋە مايسا (مەسەل)............ (117)

## تۇردى سوپى

ۋەتەن.............................. (119)

## مەھەممەت رىھىم

ئىلىم ............................. (121)
گۈزەل ئىستىقبال.................... (123)
كۆز شامىلى ........................ (124)

## مەريەم سەپەر

بىزنىڭ ئەلدە ئاياللار .............. (127)
يېڭى بۇرۇلۇشنىڭ جەگچىسى............ (130)

## رەخىم قاسىم

پارتىيىگە مەھىيە .................. (135)
كىتاپ ............................. (137)

بىر جۈپ قارىغاي ........................(141)

**مەھەممەتجان سادىق**

ئانامغا ........................(143)
نان ........................(147)
يېزا يولىدا ........................(148)

**ئابدۇسالام توختى**

گۈزەل ۋەتىنىم ........................(150)
قايىنام ئۇركىشى ـ ئىنقىلاۋىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى
ئەسلەپ........................(154)

**ئامىنە غاپپاروۋا**

قەلب كۈيۈم ........................(159)
بېيجىڭ ئىشقى........................(160)
بۇيلۇق سۈيى ........................(162)

**سۇلتان مەخمۇت**

گۈل ........................(163)
چىنار ........................(164)
بۇلبۇلنىڭ ناۋاسى (مەسەل) ........................(165)

**تۇرسۇن مەھەممەت پەخىردىن**

بەختىم ........................(168)
جۇ ئېنلەي زۇڭلىغا ........................(169)

**مەمتىلى زۇنۇن**

كۈيلەيمەن چېلىپ دۇتتار ........................(172)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قولۇمدا شۇ قىزىل مەشئەل........................(173)
ئارزۇيۇمغا يەتتىم (ناخشا تېكستى)....................(176)

ئېزىز نىيازى

بىلەكتىن يۇرەككە — بىر يىگىتنىڭ يانچۇق دەپتىرىدىن...(178)
ماۋجۇشى نىجات يۇلتۇزىمىز (ناخشا تېكستى) .........(180)

مىرزايىت كەرىمى

جەڭچىمەن ..........................................(182)
باھار ناخشىسى ......................................(184)

سادىن سادىرى

كۆيلەيمەن سېنى ......................................(186)
جەڭچىنىڭ خېتى ......................................(190)
مەجنۇنتال تېگى........................................(193)

قۇربان بارات

كەچكۈز لىرىكىسى ....................................(197)
ئىلى دەرياسى.........................................(199)
يېشىل ھايات..........................................(201)

بوغدا ئابدۇللا

تەسىرات — ماۋ جۇشىنىڭ يولداش چېن يىغا شېرىيەت توغ-
رىسىدا يازغان خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن......(204)
ئەيىپ ئەتمەڭلار.........................................(205)

ئابلىمىت سادىق

تۇرنىلار ئۇتكەندە ....................................(208)
قۇتلۇق كۈن ...........................................(209)

ئون توققۇز ياشلىق يىگىتكە..........................(214)

**مەھەممەت شاۋۇدۇن**

پويىزدا ..........................................(217)
كوچىگار يىگىت....................................(226)
بىلەت ...........................................(229)

**ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر**

سايرامنىڭ كورۇپ ...................................(233)
ۋىسال كۈيى ........................................(235)

**تۇرغان شاۋدۇن**

چاق بىلەن ئوق (مەسەل)...............................(236)
"بىز" ۋە "مەن" .....................................(237)
مىنىڭ پەيچاگى......................................(238)

**ئارسلان**

پىغان ............................................(241)
تاغ لىرىكىسى ......................................(244)
چىچەكنىڭ سىرى .....................................(248)

**ئابدۇكېرىم مەخسۇت**

قەلبىم يەنە چوققىدا قالدى ...........................(250)
يېڭى پەرمان ........................................(251)

**مامۇت زايىت**

چارەك ئەسىر نەزمىسى .................................(253)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابلىز ھوشۇر

پەنگە يۈرۈش ناخشىسى.......................(258)
يامغۇر بولۇپ...................................(259)

ئوسمانجان ساۋۇت

باھار تۈيغۇسى...................................(261)
ياگرا ئەجەم.......................................(265)
ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ.....................(268)

تەلئەت ناسىرى

كۆيلەي بۇگۈن ئەجرىڭنى مەن....................(269)
ئەمگەك ناخشىسى...................................(270)
كەزسەم چېگرانى...................................(271)

تۇرسۇناي ھۈسەين

ئانارلىق باغ.......................................(273)
بوز يەر كېچىسىدە...................................(275)

سەمەت دۇگايلى

ھەق سوز...........................................(279)
غۇنچەمەن............................................(280)
سوئال ـ جاۋاپ......................................(280)

تېمۇرە گۇەنچىڭفۇ (شۈە)

ئالتۇن كوۋرۇك (مۇخەممەس)........................(282)
سايرامغا مۇھەببەت...................................(284)

**ئېلى ئېزىز**

بىزنىڭ ياچپىكا شۇجىمىز (راۋاپ قوشىغى)..............(286)
باھار قوشىغى (ئەجەم مۇقام تېكىستى)....................(287)
ۋەتەن ھەققىدە ناخشا (ناخشا تېكىستى)..................(288)

**زەينۇرەم ئەيسا**

دوستلۇق كوۋرۇگى........................................(290)
شېىر ئوقۇش يىغىنى (ساتىرا) ........................(292)

**نەيىم يۇسۇپ**

داچىڭدىن كەلگەن شۇجى..................................(293)
ئانا ......................................................(294)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىم شېھىت

# ئالدىدا

ۋەسلىدىن ئۈزگەر كېرەكمەس ماڭا جانان ئالدىدا.
ئارزۇيۇم سەن ئىرۇرسەن تەن بىلەن جان ئالدىدا.
بىر گۈلى رەنا ئىرۇرسەن باغۇ ـ بوستان ئالدىدا.
تا زىيارەت قىلمىسام مەن سېنى ئىمكان ئالدىدا.
يۈزلىرىم شەرمەندە بولسۇن تاڭلا سۇبھان ئالدىدا.

دۇنياغا تەڭ ئەيلىمەيمەن تاغلىرىڭنىڭ تېشىنى،
سېنى دەپ تاشقا قوشارمەن، دۇشمىنىڭنىڭ بېشىنى،
سەن ئۈچۈن دەريا ئېقىتسام شوم رەقىپلەر يېشىنى،
مۇمكىن ئولغايمۇ كورۇشكە ئايغا ئوخشاش قېشىنى؟
قارا بەختىم ئاق بولاردى شۇندا راخمان ئالدىدا.

سەن ئىدىڭ دۇنيادا بىر ھوسنى گۈزەل نازۇك بەدەن،

ئىككىمىزدە باغلىنىش گوياكى ئەردى جانۇ ـ تەن،
ئاھ.....گۇزەل يار ئۈينىغان قەشقەر، كۇچار، يەركەن،
خوتەن،
نىملەر بولدى ئىكىن ئىپلاس ئاياقتا پاك ۋەتەن؟
سەن ئۈچۈن كوزگە كورۈنمەس قانچە قۇربان ئالدىدا.

سۇلىرىڭ ئابى هاياتتۇر ئەي گۇزەل يارىم سىنىڭ،
تۇتىيادۇر تۇپرىغىڭ كوزۇمگە دىلدارىم سىنىڭ،
جانغا ـ جاندۇر ئۇندا ئوسكەن بارچە غەمخارىم سىنىڭ،
ئايرىلىش تىلدى يۇرەكنى كوزى خۇمارىم سىنىڭ،
ئورتىنەر كويۇڭدا قەلبىم چەرخى كەيۋان ئالدىدا.

ئاۋالــدا سەن ئىدىڭ جەننەتكە ئوخشاش بىر ماكان،
ئەركە ئويناپ ئوسكەن ئەردىم قىسمىغان بۇ كەڭ جاهان،
خۇش پۇراقلىق گۇل ـ چىچەك تاللاپ ئوپەردى باغۋان،
ئابرويۇڭ ساقلار ئەردىم مەن بولۇبان پاسىۋان،
دۇشمىنىڭ كوز تىكمەس ئەردى شىر غىرران ئالدىدا.

باغدا گۇل شاخىدا بۇلبۇل نىمتىڭ شۇكرىن ئوقۇر،
تاڭ سەھەر تورغايلىرىڭ تەسبىھ ئوقۇپ قانات قاقۇر،
بەلكى قۇشلار بارچىسى مەدھىڭ بىلەن يەرنى چوقۇر،
چۇنكى خەۋپسىز يەر، هاۋا، تاغ،چول ۋە سۇ، دوڭ هەم چۇقۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەركىلەپ ئوسكەن ئىدىم شاھزادىدەك خان ئالدىدا.

مەن ئۇ چاغدا سەندىن ئايرىلماقنى ئەسلا كۆتمىگەن،
ئېھتىيات قىلغىن رەقىپتىن دىسە ھەرگىز پۈتمىگەن،
چۈنكى ئىسسىق ـ سوغاق ئۇ كۈنلەردە بېشىمدىن ئۆتمىگەن،
ئارغىماقىمنى ئەپەندى قەۋرىدە ئۇركۆتمىگەن،
باشقا قامچا تەگمىگەندى يولدا كارۋان ئالدىدا.

بال، شېكەردىن بەلكى شىرىندۇر كۈمۈش رەڭ سۈلىرىڭ،
تاغلىرىڭدا يايرىشىپ ئەركىن ئوسەر ئاھۇلىرىڭ،
چىنىقىپ ئەردى رەقىپكە قارشى قول ـ بازۇلىرىڭ،
ساڭا تەسىر يەتكۈزەلمەس ئەردى ھېچ جادىلىرىڭ،
سەلتەنەتلىك شەۋكىتىڭ بولغاچقا ئىنسان ئالدىدا.

ماختىناردىم سەن كەبى بىر نازىنىنىڭ يارى دەپ،
يارىنىڭ كوكرىگى تەككەن سازىنىڭ بىر تارى دەپ،
ساڭا باغلانغان مۇھەببەت ھەممىدىن يۇقارى دەپ،
خاھ گۈلۈم، خاھ بۇلبۇلۇمغا قىش ۋە ياز باھارى دەپ،
كوكۈلۈك بويىن ئۇپەردىم لالە ـ رەيھان ئالدىدا.

دىلبىرىم ئاھۇ كوزۇم، خورشىد يۈزۈم، شىرىن سوزۇم،
ھوسنى ئەپلاكىڭدا تۇققان ئەردى تەلەي يۇلتۇزۇم.

لەۋلىرىڭگە قىزغىناردى باغدا پىشقان تال ئۈزۈم،
قاشلىرىڭ مېهراپ قىلىپ سەجدە قىلاي تەنها ئوزۇم،
چوڭ گۇناكار بولسىمۇ دىن بىرلەن ئىمان ئالدىدا.

ۋادەرىخا، قايىسى كۈندۇر شۇم رەقىپ باستى ئاياق،
سەن كەبى هور نازىنىنلار ئۈستىگە سالدى تاياق،
مەن قۇچاغىڭدا تۇرۇپ تارتتىم ئەجەپ دەردى پىراق،
نېمەتىڭ لەززەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدىم يىراق،
بىر تىلەمچىدەك قىسىلدىم كۆزدە خامان ئالدىدا.

يىغلىدىم شۇندىن بۇيان تۈن-كېچىلەر بىدار بولۇپ،
رەهمىسىز ئوگەيگە قالغان قىز يېتىمدەك خار بولۇپ،
هەۋزى كەۋسەرنى كېچىبان تامچا سۇغا زار بولۇپ،
تارلىشىپ كەتكەن جاهانغا سىغمايىن بىمار بولۇپ،
بوينى باغلانغان مۇشۇكتەك ساگدا چاشقان ئالدىدا.

شۇنداق ئومرۇم ئوتكەن ئەردى ئورتىنىپ هەم كۆل بولۇپ،
ئات، ئىشەكلەر ئورنىدا دۈشمەنلەرىڭگە قۇل بولۇپ،
"ئاللا ئەمرى شۇمكىن" دەپ، ساتسا بەلكى پۇل بولۇپ،
ئوتكەن ئومرۇم ئەسلىسەم ياشىم توكۇلۇر كول بولۇپ،
موللىنىڭ ئىمانى بولدۇم خۇددى شەيتان ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

ئاقۋەت قوغلاندى بولدۇم، بىر يولى تارتتىم پىراق،
شۇم رەقىپىنىڭ تەلىيى ئۇلۇك كەلدى، مەن بولدۇم يىراق،
جانغا تويغان خۇددى بىر پەرۋانىمەن، سەن بىر چىراق،
كۈنمۇ ـ تۈن ئارتتى ساڭا كوڭلۇمدە بولغان ئىشتىياق،
تامچا سۇغا زار بولدۇم بەھرى ئۇممان ئالدىدا.

مەيلى مەن بارغۇنچە يىرتقۇچلۇق بىلەن خەلقىمنى ئات،
مەيلى مەھبۇپ بېشىدا قانلىق قىلىچىڭ پاقىرات،
مەيلى ۋەھشىلىك بىلەن ئادەمچىلىك ئاڭنى يوقات،
ئىنتىقام ئالغۇم سېنىڭدىن تا ـــ جېنىم تەندە ھايات،
ھېچقاچان ئادەم يېڭىلمەس ۋەھشى ھايۋان ئالدىدا.

ئۆلگىنىم ياخشى نىگارىمدىن تىرىك ئايرىلغىچە،
ئۇچارمەن ساڭا بېقىپ تاكى قانات قايرىلغىچە،
كۆرىشىم-قايتماس، رەقىپ جانى تېنىدىن ئايرىلغىچە،
بولدى ئەمدى سەۋرى يوق، ياتتىم مانا بىر يىلغىچە،
ئۇرما ئۇرماق ئانچە تەس بولمايدۇ دىخان ئالدىدا.

تارت قولۇڭنى ۋەھشى دۇشمەن، تېخى جېنىم تەندە بار،
ئىنشائاللا پات ـ يېقىندا سېنى قىلغۇم تارمار،
ئەي پەلەك چاپسان يوقال، گۈزەل يېرىمنى قىلما تار،
سەن قارا زۇلمەتنى يوقاتسام سائادەت تاڭ ئاتار،

كۆن نۇرىن كورسەتمىگەن سەن پەردە ئاسمان ئالدىدا.

كۆرىشىم ھىچ توختىماس تا قەترە قانىم قالغىچە،
تەسىرىڭنى يوق قىلۇرمەن قەلبىم ئارام ئالغىچە،
ئەزرائىل پۈتتى ئىشىڭ دەپ تاكى جانىم ئالغىچە،
تەن سوۋۇپ، يۈرەك ـ تومۇر، قان ھەركەت توخالغىچە،
شۇندا ئەۋلادىم تۇرار دەۋاغا سۇلتان ئالدىدا.

مەن بارۇرمەن ئەي نىگارىم سەن ئۈمىتنى ئۈزمىگىن،
دۈشمىنىڭنى ئۇر، پەقەت ئەركىنگىنە يۈرگۈزمىگىن،
ئالدىنىپ دۈشمەن بىلەن سەن ئەيشى ـ ئىشرەت تۈزمىگىن،
شۇم رەقىپكە باغلىرىمنىڭ مىۋىسىن ئۈزگۈزمىگىن،
يات ـ يېقىندا تىپىشارمىز گۈل ـ گۈلۈستان ئالدىدا.

ئەر ئەمەسمەن تاكى دۈشمەنىنىڭ قېنىن ئاققۇزمىسام،
دۇنيادا خائىنلىق ئەيىۋىنى كوكسىگە تاققۇزمىسام،
ئوت ـ زەھەرلىك نەشتىرىلە ئۇزىنى چاققۇزمىسام،
ئەللەي ئېتىپ، يەر بوشۇكتە ھەممىسىن ياتقۇزمىسام،
شۇندا "مەرت" نامىنى ئالغۇم شاھى مەردان ئالدىدا.

ئەي، سەنەم ئەتراپقا باق، خەلقىڭمۇ ھەم تىچ ياتمىسۇن،
تاشلىۋەتتى سۆيگۈدىن كەچتىمۇ دەپ، باش قاتمىسۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

جىم يېتىپ، ھەسرەت چېكىپ، قانلار يۇتۇپ، دەرت تارتمىسۇن،
ھىلىگەر ـ مەككار رەقىپكە ئابرويىنى ساتمىسۇن،
ئەسلىسۇن خار بولغىنىمنى ئۇندا زىندان ئالدىدا.

دەرتلى دىل ھېچ توختىماس، سىرلىق قەلەم قايناپ يازار،
مۇڭلى دادىمنى ئىشتىسە خىزرى تەسۋىدىن ئازار،
چۈنكى ئول بەتبەخ رەقىپلەر نىم شېھىتكە گور قازار،
مەيلى ئۇلسەم سۆيگۈ يولىدا تېنىم بولغاي مازار،
كۆرىشىم ئارتار تېخى قىز ۋە ئوغلان ئالدىدا.

1946 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

## سېغىندىم

سېغىندىم مەن، سېغىندىم مەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ سېغىندىم،
مېھرىڭ تولغان يۈرىكىمدە سېغىندىم،
دولقۇنلىغان كوكرىكىمدە سېغىندىم.

ئۇلسەم تېنىم قۇچىغىڭدىن جاي ئالسۇن!
پاك ۋەتىنىم روھىم سەندە شاتلانسۇن!

شۇنىڭ ئۈچۈن، تېزرەك ساقىيا يەتسەم دەپ،
توت كوز بىلەن كېچە ـ كۈندۈز سېغىندىم.

بۇ كەمگىچە ئايرىلمىغاچ سېنىڭدىن،
لەززەتلىنىپ شىرىن شەرۋەتلىرىڭدىن،
يولغا چىققاچ قەدرىڭ ئوتتى جېنىمدىن،
تۇپرىغىڭنى كوزگە سۇرتەي، سېغىندىم.

”ھەج“ سەپىرى چۈشكەچ مېنىڭ دىلىمغا،
مەيۇسلەندىم قاراپ بېقىپ پۇلۇمغا،
كومپارتىيە كېپىل بولدى يولۇمغا،
بولۇت ئۈزرە ئۇچقۇنۇمدا سېغىندىم.

ئەل قاتارى بەش مىللەتنىڭ ئىچىندە،
ئالتىنچى ئاي ئايىغىدا بېيجىندە،
ئوتتۇز يەتتە كىشى بىرلىك سېپىندە،
ھەجگە قاراپ يۈرگىنىمدە سېغىندىم.

بىزنىڭ يۈرۈش يەردە ئەمەس بولۇتتا،
نەچچە مىڭ گەز يول باسىمىز مىنۇتتا،
بۇيۇك ۋەتەن سەن ئەزىزلەپ ئۇزاتقان ــ
چاغلىرىڭنى ئەسلىگەندە سېغىندىم.

سەندىن چىقىپ راڭگۇن دىگەن شەھەردە،
مېھمان بولۇپ تۇت كۈن تۇردۇق ئۇ يەردە،
كۈتۈپ ئالدى قېرىنداش ئەل بېرمىلىق،
دوست ئەللەرنى كورگىنىمدە سېغىندىم.

خوش ئېيتىشىپ ئۇزىتىشتى بېرمىلىق،
بىز بارار يەر تاغ ـ باياۋان خورمىلىق،
بىز كەتسەكمۇ كوڭۈل قالدى سىز بىلەن،
بەك ئۇتۇلدى قەدرىلىك ۋەتەن، سېغىندىم.

ئۇندىن چىقىپ مىڭ گەز ھاۋا ئۇستىدە،
ئۇچماقتىمىز بەيتۇلھەرەم قەستىدە،
يېتىپ كەلدۇق كالكۇتتىغا كەچقۇرۇن،
ھاۋا بۇيۇك كەلتۇرگەندە سېغىندىم.

تاڭ مەزگىلى ئۇچتۇق يەنە ئەرتىلەپ،
ئامراق بالاڭ ـــ بىز جۇڭگولۇق ئەركىلەپ،
تۇت سائەتتە يېتىپ كەلدۇق بومبايغا،
بۇندا ۋەتەن يەنە سېنى سېغىندىم.

بومباي ئىكەن دېڭىز بويى چوڭ شەھەر،
ياشايدىكەن نەچچە يۈز مىڭ ئايال ـ ئەر.

بوتا كوزلۇك بىرنەچچە مىڭ "راجى"نى —
«سەرگەردان»نى كورگىنىمدە سېغىندىم.

ياش غۇنچىلەر كوزلىرىدۇر خۇمالىق،
خۇش پېىللىك، چىرايى خۇش نۇمالىق،
چېكىسىدە "بەخت مېڭى" تۇمالىق،
نە جان كوردۇم، ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

رەستىلەردە قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار،
بىر بىرىگە رىقابەتلىك مۇنالار،
نان ئۇچۇن كوپ كۇرەشلەرنى كورگەندە،
مول ھوسۇللۇق ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

تۇت كۇن تۇرۇپ كەتتۇق، بومباي ئەلۋىدا،
سەككىز سائەت قەدەر ئۇچتۇق ھاۋادا،
بەھرەيىندە بىز ئېھرام باغلىغاندا،
مېھرىۋانىم ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

سائەت تۇرۇپ يەنە ئۇچتۇق ھاۋاغا،
"لەببەيىك" دەپ ھاۋا ئۇززە ناۋاغا،
يېتىپ كەلدۇق چۇشتىن كېيىن جەددىگە،
قاقاس چولنى كورگىنىمدە سېغىندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر كۈن تۇرۇپ بەيتۇللاغا جونىدۇق،
شۇ كېچىسى تاۋاپ بىلەن تۈنىدۇق،
ساپا، مەرۋە، سەيلەرنى تۈگىتىپ،
چىققىنىمدا جان ۋەتەننى سېغىندىم.

زىيارەتكە كىرىپ تۇردۇق پات ـ پات،
سەككىز كۈندىن كېيىن كەلدى ئەرىپات،
توت كۈن تۇرۇپ ئەرىپات ھەم مىنادا،
شەيتانىغا تاش ئاتقىنىمدا سېغىندىم.

”دەلىل شاھ“نىڭ قوبۇلىغا ئەكىردى،
پادىشا كېيىن زىياپەتكە قىچقىردى،
ماۋجۇشىنى ئامانمۇ دەپ سورىغاندا،
ئېخ!...... ۋەتىنىم قايتا سېنى سېغىندىم.

پادىشانىڭ سارىيىدا ئولتۇرۇپ،
ئويلاپ كوردۇم يۈرىكىمنى تىندۇرۇپ،
بۇ شەرەپنىڭ كىمگە مەنسۇپلۇغىنى،
بايىقىغاندا ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

بەيتۇللاغا تەكلىپ قىلدى پادىشا،
تاۋاپ قىلدۇق بەيتۇللانى كەڭتاشا،

ئەسكەر توسۇپ كەلتۈرمىدى باشقىنى،
شوھرەت تاپقان ۋەتەن سېنى سېغىنىدىم.

"ھەجرىلئەسۋەت" تاشنى بەۋسە قىلىشقا،
پۇرسەت بولماي كەلگەن ئىدى بۇ ئىشقا،
ۋەتەن نامىڭ بىلەن ئىمكان تېپىلدى،
ئانا يۇرتۇم يەنە سېنى سېغىنىدىم.

بەيتۇللانى يۈيۈش ئۈچۈن شاھ كىردى،
بىزدىن بۇرھان شەھىدىنى ئەكىردى.
بۇ ئىش نىسىپ بولماس ئىكەن چەتئەلگە،
بىزگە بولدى ھورمىتىڭدىن سېغىنىدىم.

بۇنىڭ بىلەن بىزنى ئەلگە تونۇتتى،
دوستلار خوشال، دۈشمەنلىرىڭ قان يۇتتى،
كۆن نۇرىنى توسۇش مۇمكىن ئەمەسكەن......
پارلاق نۇرۇڭ ئەسلىگەندە سېغىنىدىم.

ئۇ، پادىشا قىلدى سوغا يادىكار،
بىردىن سائەت، تاج، رومال، تونمۇ بار،
بىزگە ئەمەس ۋەتەن سېنىڭ شەرىپىڭ،
قوبۇل قىلىپ ئالغىنىمدا سېغىنىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى

مەدىنىگە باردۇق يەنە كوك بىلەن،
يەر تاناۋىن تارتقان كەبى توك بىلەن،
زىيارەتنى ئادا قىلىپ قايتقاندا،
باغۇ - بوستان تاغلىرىڭنى سېغىندىم.

ۋەتەن ھىسسى ھەممە ئادەم دىلىدا،
ئەمدى مەككە - مەدىنىگە ئەلۋىدا،
ۋىدالىشىپ مەن ئۇ يەردىن قايتقاندا،
ئەزىز ۋەتەن جانانىمنى سېغىندىم.

ئاۋغۇستقا بىر بولغان كۈنى قوزغالدۇق،
تۈرى سىنا تەرەپكە بىز يول ئالدۇق،
ھاۋا ئۈززە توت سائەتلىك يول يۈرۈپ،
ۋادى ئەيمەن چۈشكىنىمدە سېغىندىم.

تۇراركەنمىز بۇندا ئۈچ كۈن ئادەتتە،
كېتەركەنمىز يەتمىش ئىككى سائەتتە،
تۈرى سىنا تورى ئىچرە تۇرغاندا،
ئازات - ئەركىن ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

بۇندىن يۈرۈپ قاھىرەگە بارارمەن،
سېغىنغانىنى يەنە شۇندىن يازارمەن،

پەرزەندىڭنىڭ بۇيىن شۇندىن ئالارسەن،
تۇرلۇك ـ تۇمەن گۇللىرىڭنى سېغىندىم.

نىم شېھىتنىڭ سېغىنىشلىق سالامى،
سېغىنغانـدىن باشقا يوقتۇر كالامـى،
قىزىلگۇلگە بۇلبۇل شەيدا بولغاندەك،
سەن گۇلۇستان ۋەتىنىمنى سېغىندىـم.

1956 ـ يىل ئاۋغۇست، ئەرەبستان، تۇرى سىنا.

## ئۇچرىشىش

كېتىپ بېرىـپ بازاردا،
كوزۇم چۈشتى بىر ئىزغا،
ئىزى ماڭا نە كېـرەك،
پەرىزاتـتەك بىر قىزغا.

قىزمۇ شۇنداق بولامدۇ؟
ئاينى ئايال تۇغامدۇ؟
كوڭلۇم بېرىپ باغلاندى،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇزغا.

ئىختىيارسىز قىلدىم سوز،
ماڭا قاراڭ غورۇلاي كوز!......
قىيا بېقىپ، بىر كۇلۇپ،
شەرەت قىلدى ئېتىزغا.

لىۋى ئاچتى غۇنچىنى،
قاتار تىزغان ئۇنچىنى،
جادى كىرپىك ياراشقان
بادام قاپاق مېغىزغا.

ــ دىخان قىزى مەن، ــ دىدى......
ــ ئىشلەپ يەيمەن قەن، ــ دىدى......
قاراپ قالدىم لال بولۇپ،
قەن چاينىغان ئېغىزغا.

ــ كويگەن بولساڭ، كەل! ــ دىدى......
ــ قولغا كەتمەن ئال! ــ دىدى......
سۇ باشلاپ بىز چوللەرنى،
ئايلاندۇرايلى دېڭىزغا.

ئانار پىشار گۇل باغدا،
تويمۇ بولار شۇ چاغدا،



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تويىنى كومۇپ تاشلايمىز......
ئالما، ئۈزۈم، مېغىزغا......

ئەخلاقىغا خۇش كەلدىم،
جاۋابىغا بوش كەلدىم،
ئۇگەنگەچكە ئىشلىمەي،
تەييار كاۋاپ، قىمىزغا.

مېنى كورگەچ بوشۇشۇپ،
كىتىپ قالـدى خوشلۇشۇپ،
قاراپ قالدىـم ئارقىدىن،
ئىپەك كوينەك قىرمىزغا.

شەرەت بىلەن سوزلەشتۇق،
مەقسەتىنىـمۇ كوزلەشتۇق،
ھەيران بولدى كورگەنلەر،
بۇ ئىككى شوخ تىلسىزغا.

پەرۋەردىسى ياساشتا،
ئايدىن ئوتـتى تالاشتا،
شەرئىتىم يول بەرسە،
قۇل بولسام بىتىـمىزغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلگە ئادرېسى

نىم شېھىتنىڭ تىلىگى،
چاك بولسىمۇ يۈرىگى،
بېشىم قويۇپ ياتسام مەن،
قىز ئۇرىغان ئېگىزغا.

1959 ـ يىل سېنتەبىر، بېيجىڭ.

كېۋىر نىياز

# ياشا داھى باغۋىنىم

گۈزەللىكتە داڭقى بار
گۈل بېغىمىنىڭ ـ بېغىمىنىڭ.
گۈۋاچىسى گۈللۈكلەر ــ
مېھنىتىمىنىڭ ـ تېرىمىنىڭ.

گۈل بېغىمىنىڭ باغۋىنى
ماۋ زېدۇڭ ئۇلۇغ داھى.
مەن شۇ باغنىڭ بۇلبۇلى،
مەدھىيىلەيمەن داھىنى.

بېغىمدىكى گۈل ھايات ــ
مىليونلارنىڭ ھاياتى،
مېھنەت قىلىش، تەر توكۇش

چىن ھاياتنىڭ ئاساسى.

گۈللە بېغىم، گۈل بېغىم،
ئورلە، يۈكسەل بېيىجىڭىم.
سېنى سۆيمەك شەرەپتۇر،
ياشا داھى باغۋەنىم.

## رەخمەت ئوقۇيمەن

ئازات ۋەتەندە
بەختلىك بولدۇم.
ئوقۇپ ئۇسۇشكە
مەن قەدەم قويدۇم.
تىرىشىپ ئوقۇش
مېنىڭ ۋەزىپەم.
بەسلىشەيلى، كەل،
دوستۇم ھېنىپەم.
دائىم ئەلاچى
بولۇپ ئوقۇيمەن.
يۈكلەنگەن ئىشنى

شەرەپ تونۇيمەن.
بىزگە ھـۆرلۈك، بەخت
بەرگەن ماۋزېدۇڭ —
داھىيمىزغا كۆپ
رەھمەت ئوقۇيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلال ئەزىزى

# بۇرادىرىمگە

قەتئىي ئالغا باس ئەلنى ياران قىل!
ئۆتۈق ساڭا خاس ئىشنى ئوبدان قىل!
زۇلۇم سازىنى، جاپا كارىنى،
كۆلپەت داغىنى چوقۇم يەكسان قىل!

ھەقىقەت ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن،
ۋەتىنىڭ ئۈچۈن جانىنى قۇربان قىل!
كوڭۈللەر ئارا قالمىسۇن قارا،
سىناشقا يارا ھەقنى مىزان قىل!

غاپىللىقتىن قاچ، كوزۇڭنى چوڭ ئاچ،
ئەقلىڭدىن نۇر چاچ، ئىلھام سەيلان قىل!
قارا كۈنلەرگە، مۇدھىش تۈنلەرگە،
ۋەھشى ياۋلارغا نەپرەت بايان قىل!

شجائىتىڭدىن، رىيازىتىڭدىن،
شاپائىتىڭـدىن دەريا راۋان قىل!
روشەن كوز بىلەن، ئوتـكۇر سوز بىلەن،
ئاپپاق يۈز بىلەن ياشاشـنى ئانت①قىل!

1945 ـ يىل ماي.

# گۇلۇمگە

گۇلۇم خوشال ئوينايمىز، ۋەتەن ئازات بولغاندا،
قول تۇتۇشۇپ ياشايمىز ۋەتەن ئاۋات بولغاندا.

بىز كوزلىگەن سۇزۇك تاڭ بولغۇسىدۇر مۇيەسسەر،
ۋەھشى، قانخور دۇشمەنلەر چوقۇم بەربات بولغاندا.

ھەسرەت ـ ئەلەم، قايغۇلار دىلنى قاپلاپ تۇرالماس،
بىز مەقسەتكە يېتىمىز دىلدا مۇرات بولغاندا.

ۋەتەن ئۇچۇن قايغۇرغان ۋەتەنپـەرۋەر بولىمىز،
ۋەتەن ماڭا شىرىن، ساڭا پەرھات بولغاندا.

① ئانت ــ قەسەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىغا ـ ھەسرەت يولى بىلەن مەقسىدىمىز ھەل بولماس،
كېچە ـ كۈندۈز ئىشىمىز ئاھۇ ـ پەريات بولغاندا.

گۈلۈم ھەرگىز قايغۇرما، جەسۇرانە ئەمەل قىل،
ھەر ئىشنى قىلىش مۇمكىن چىن ئىتتىقات بولغاندا.

1945 ـ يىل مارت.

# يولدۇشۇمغا

ئۇمۇر ئېقىپ، ئېقىن سۇدەك كېتەر ھەر قايان،
بەزى سۈزۈك، بەزى دوغاپ ھەتتا بەك قىيان.

تىرىشساڭ سۇ سايلىنىپ ئويناپ ئاقىدۇ،
تىرىشمىساڭ بۇ قىممەت سۇ چولگە ئاقىدۇ.

سېكۇنت ۋاقىت سۈيگەن دىلبەر يارىڭدىن قىممەت،
شۇڭا ۋاقىت بوش كەتمىسۇن تىرىش، قىل غەيرەت.

يىغا ـ ھەسرەت، قايغۇ ـ ماتەم، ۋەيران گورۇستان،
غەيرەت بىلەن بولغۇسىدۇر باغۇ ـ گۈلۈستان.

دوستۇم بارلىق غەيرىتىڭنى دائىم ئىشقا سال!
ئىلىم ـ ئىرپان باغلىرىدا ھوزۇر ـ لەززەت ئال!

ئەي يولدۇشۇم سەن ھەممىشە توغرا يولدا ماڭ!
ئالقىشلىسۇن ھەر مەنزىلدە سېنى سۈزۈك تاڭ......

توغرا يولدا ماڭغانلارغا خەۋپ ـ خەتەر يوق،
كېلىچىگى سائادەتلىك مەڭگۈ كوڭلى توق!

ساداقەتنىڭ كەمىرىنى بەلگە باغلىساڭ،
ھەقىقەتنىڭ كېمىسىگە مەھكەم ئولتۇرساڭ.

ئوكيانىنىڭ دولقۇنلىرى گۇمران قىلالماس!
ھېچقانداق توسقۇن سېنى ئارتقا بۇرالماس!

تىرىش، ئىشلە، پۈتۈن دۇنيا بولسۇن بىر بوستان،
خارۇ ـ زارلار، ئىگىز تاغلار بولسۇن گۈلۈستان.

سەن ياسىغان ئاشۇ باغلار ئەۋلاتقا ياقسۇن!
ئومرۇڭ سۈيى ھېچ لايلانماي سۈپ ـ سۈزۈك ئاقسۇن.

1943 ـ يىل 21 ـ ئوكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لۇتپۇللا مۇتەللىپ

# يىللارغا جاۋاب

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قارىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ئوغرىلاپ قاچىدۇ ئارقىغا باقماي،
بىر بىرىنى قوغلىشىپ، يورغۇلۇشۇپ.
ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي،
يوپۇرماقلار قۇيۇلىدۇ، پولۇشۇپ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى،

ياشلىق گۇلىدىن توكۇلىدۇ بىر يوپۇرماق.

يىللار شاملى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كومۇلىدۇ،
بۇ يوپۇرماقسىز ياغاچ بىچارە بولىدۇ......قاخشال.
يىللار سىخى قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكىلىپ بېرىدۇ—
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى، ئۆتىۋەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى......
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چوللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

يىللارنىڭ قوينى كەڭ، پۇرستى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئورە تۇرىدۇ.
قاراپ باق، ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن—
تۇنۇگۇن ئومىلەپ، ھە......بۇگۇن مېڭىپ يۇرىدۇ.

كۇرەشچان باللار قوغلىشىپ يىللار،
كۇرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۇچۇن قۇربان بولغانلار
قەۋرىنى ياتلاپ گۇللەر ياپىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەيلى ساقال سوغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قويىنىدا.
ئىجادىم — شېرىمنىڭ ئىز تامغىسى بار
ئالدىمدىن قېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بويىنىدا.

قېرىماسمەن كۆرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
ئۇلۇم پەستە قېلىش، كۆرەشنىڭ داۋانلىق تېغىدا،
چىدام، غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەر دەم يادىمدا.

ئېسىلارمەن ملتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۆرەش باياۋىنىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ، غالىپ يولغا.

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاخلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كورىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتمەن دەپ ئارتۇق كوڭۇل بولمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

يىللار دېگىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۆپقۇنلىرىڭنى ياردۇ بىزنىڭ كاراپ.

يىلنىڭ ئۇتۇشى بىلەن قورقىتىپ باقساڭمۇ،
ئىجات يىللارنى قىرىتىدۇ، دەپ بىرىمىز جاۋاپ.
1944 ـ يىل، ئۈرۈمچى ـ ئاقسۇ.

# خىيالچان تىلەك

تىڭىرقىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالى تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بىلەكلەرنى.
مەرت باغۋەن غازاڭ قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى،
تەربىيىسىز سولدۇرۇپ گۈل ـ چىچەكلەرنى.
خىيالىم خۇددى تەلپۈنۇپ تۇرغان بىر سەبى بالا،
ئىمىش ئۇچۇن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.
لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بىقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كوزى بىلەن كورۇمەن روشەن بۇرجەكلەرنى.
جانان ناز ئۇيقۇدا يىتىپ نىچۇك تولغانماس،
ئاشىقى كۇتۇپ تۇرسا ئىچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى......
نىمشقا يازماي، تىلەك ئارىلاش مۇڭلۇق لىرىكلارنى،
سۆيگۇ ئىشقى ئورتەپ كويدۇرسە يۇرەكلەرنى.
ئەزەلدىنلا خىيالچان،......مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،
تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چوچەكلەرنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلۇغىدا مەن قاينام تۇرسام،
ئۇسسۇزلۇغۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كولچەكلەرنى؟
1945 ـ يىل ئاقسۇ.

## ياشلىق ـــ ئۇگەن

ياشلىق ــ تىرىش، تىرماش، هارماي ئۇگەن،
بىلىمنىڭ دېڭىزى قايناق هەم چوڭقۇر،
نادانلىق ئۇ، هەممىنى بىلدىم دېگەن،
ۋاراقلاپلا...... كورۇپ بىر قۇر.

ئىلىم ـــ موجىزىلەرنىڭ سىرىنى ئاچقۇچى،
بىر كۇن ياشاش ئۇچۇن ئوقــي ئون يىل!
كوزلا ئەمەس ئالدىــڭغا نۇر چاچقۇچى،
قاراڭغۇنى يورۇتــقان ئۇ يورۇق دىل.
. . . . . . . . . . . .

ئويلىساڭ ياشلىق، قىسقا سىنىڭ ئومرۇڭ،
تاڭدا چېچەكلەپ گويا كەچتە قۇيۇلدۇ.
دىماققا خۇش پۇراق چېچىپ گۇللىرىڭ،

كوز ئېچىپ يۇمغاندەك تۈيۈلىدۇ.

ئەرلەرنى باسسا ساقال، بۇرۇتلار،
قىزلارغىمۇ ئىز سالىدۇ بۇدۇر، قورۇقلار.
پولاشمايدۇ دەرەخلەر ياپ-ياش تۇرۇپلا
يىللارنىڭ ئوتتۇشى بىلەن يەيدۇ قۇرۇتلار.

ياشلىق — چاقماق سەن، چېقىپ ئۆچىسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ مۇشۇ، ئۆگەنگىن، ئۆگەن!
قارائغۇ دىل چولىگە بىر كۈن چوكسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلغا سالمىساڭ يۈگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

زەيندىن سالى

# غۇلاچ تاشلا!

"ياشلىق ــ بەخىتلىقلىق". دەپتىكەن بىرسى،
بەختلىك ياشلىقنى مەنمۇ كەچۈرگەن.
بىر قۇر ئۆگىنىپ، بىلدىم، دەپ يۈرۈپ،
زىلۋا ياشلىقنى بىكار ئۆتكۈزگەن.

ئۆگەنگىن دوستۇم، ياشلىقتا ئۆگەن،
دېگەندى شائىر "قاينام ئۇركىشى"①
بىلىمسىز ئادەم قەلبى ـ كۆڭلىدە
ساقلىنار دائىم تۇمانلىق قىشى.

ھەۋەس قىلمىغىن ئىشقى زىننەتكە،
ئىلىمگە قىزىق! ھەۋەس قىل ئۆگەن.

① قاينام ئۇركىشى ــ ل. مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي لەقىمى.

ياشلىق چېغىڭنى ئىلىمگە ئاتا،
ئىلىمگە سالغىن ياشلىقتا يۈگەن.

بىلىمدە كورسەت شوھرەت ـ داڭقىڭنى،
ئوزگە شوھرەتنىڭ ھەممىسى بىكار.
ئۈگىنىش ۋاقتىنى مىنۇت ئۈتتۇرماي،
پەن دۇنياسىدا قىلغىن سەن شىكار.

پۈرسەتكە ئارتىپ ھەممە ئىللەتنى،
يۈرۈشكە ئانچە بولمىغىن خۇشتار.
ئۈگىنەي دىسەڭ مەكتەپ شەرت ئەمەس،
پەقەت قىزغىنلىق ساڭا بولسا يار.

ئىلىم بىلەنلا ياشنايدۇ ھايات،
"ئىلىم ـــ موجىزىلەرنىڭ سىرىن ئاچقۇچى".
پولات تومۇرگە جان بەرگەن بەنـدە
يېقىندا مارىستا ماكان تۇتقۇسى.

نىمە كەم ساڭا بەخشەند ھەممىسى،
ئىلىمگە ھەر ۋاق بولغىن چىن ئاشنا.
پەن قۇياشىدا چىنىقىپ، پىشىپ،
ئىلىم دېڭىزىغا سەن غۇلاچ تاشلا!

1957 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چال سازىڭنى!

ئاتا ـ بوۋام چالغان ئىكەن، چال سازىڭنى،
قويۇپ بەرگىن بولۇشىغا ئاۋازىڭنى،
ئەۋجىسىگە بىلگىنىمچە راست قوشۇلاي،
دادىل كۈيلە ياشناۋاتقان گۈلزارىمنى.

ھەر كۈن سەھەر ئويغىنىمەن ناخشاڭ بىلەن،
توي ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ "ھاي ـ ھاي ئۆلەن!"
"ئەرلەڭسەن"گە قولاق تىكىپ زوقۇم بىلەن،
باخاش ئېتىپ قۇچاقلايمەن باھارىمنى.

بىر بىرىگە ئۇلىنىدۇ ھەر خىل ناخشام،
كۆڭلۈم قانماس قانچىلىككىم كوپ ئاڭلىسام،
ئارتۇق بولماس "مەن غەزەلخان" دەپ ماختانسام،
قەدىرلەيمەن ئىلھام بەرگەن ھاياتىمنى.

1957 ـ يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

ئىمىن تۇرسۇن

## مۇھەببەت

قىزىل گۈلگە مەس بۇلبۇل ھىچ رەقىپ بولماس،
مۇھەببەتسىز بۇلبۇلغا گۈل مۇھىب بولماس.

جانىنىڭ كوركى — مۇھەببەت، شەرتى ۋاپادۇر،
ۋاپاسىزغا مۇھەببەت ھەم بىۋاپادۇر؛
مۇشەققەتسىز راھەتنىڭ كەينى جاپادۇر،
جاپاسى يوق مۇھەببەت ھەم بىساپادۇر.

سۇيگۇ دىگەن دىل مۇلكى، ئۇنى ياخشى بىل،
ئاچالمايسەن سۇيگۇنىڭ شەرتسىز سىرىنى؛
مۇھەببەتكە ئەقىدە — دىلنى تازا قىل،
شەك چۇشكەندە پاكلىماق تەس دىل كىرىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەببەتنىڭ دەرياسى كەڭ، ھولۇقماي ئۈز،
دولقۇن ياساپ ئۇركىشى يەكسان قىلمىسۇن.
سۆيگۈنىڭ ئورمانىدا يول ئەگرى ھەم تۈز،
سېنى ئاندا جىن يولى سەرسان قىلمىسۇن.

مۇھەببەتنىڭ بېغىدا سەيلىنى بىلمەي،
گۈل بويىغا مەس بولۇپ مەگدىشىپ كەتمە.
سۆيدۈم دىسە گۈل جاندىن، كوڭلىنى بىلمەي،
بېرىپ ئەقلىڭ شەيدانە سوگدىشىپ كەتمە.

ئاشىق سويگۈ گۈلىنى كوكسىگە تاققاي،
مېھرى بولسا چىمەنگە چىن شەۋقى بىلەن.
سۆيگۈنىڭ خامانىدىن مول ھوسۇل ئالغاي،
ئەجرى قىلسا سۆيگۈگە خوش زەۋقى بىلەن.
كوكلەم كوركى قىزىل گۈل كۈلسە گۈلشەندە،
قىزىل گۈلگە بۇلبۇل جان بولماس كۈشەندە!

1944 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

# تۇيۇقلار

كۇرەش يولى ئۇزاق يول ئەگرى ـ توقاي، تۇز،
ھەرنە دىشۋالىقتا ھەم سەپنى قايتماي تۇز؛
كەلسە ئۇتتۇق ئەمگەكتە، ھايات چىغىڭدا
يەنە كۇيلەپ زەپەرنى شوخ سازىڭنى تۇز.

1952 ـ يىل.

ئىتىپ ھور تاك، شولىدا سۇندى تۇن قارا،
چوك سەپەرگە ئاتلىدۇق، كوزلەپ چوك قارا.
ئەمدى ئىشلەش پەيتىدۇر قىلغىل ياخشىلىق،
بولما ئەلگە سەن يامان ھەم كوڭلى قارا.

1957 ـ يىل.

مەپتۇن بولۇپ كوڭلۇم چۇشكەن قەلەم قاشقا،
ۋەسلىنى دەپ چاپقان مىنىپ تورۇق قاشقا.
قەلەم قاشتىن ئەلا ئىكەن ئەزىز خەلقىم،
ئەلنى كۇيلەپ ئۇياي نەزمە يۇرۇك قاشقا.

1962 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇربان ئىمىن

# غەلىبە ناغرىسى

مەرتلەر ئۆلكىسى — سۆيۈملۈك جۇڭگو،
ئەركىن قول سېلىپ ئالغا چامدىدى.
جەڭلەردە قۇچقان شانلىق غەلىبىدىن
خۇش خەۋەر، ناخشا ھەر يان ياڭرىدى.

چاڭجياڭ ئۇركەشلەپ قايناپ - تاشماقتا،
بىزدىكى غەيرەت كوكتىن ئاشماقتا.
ھەر بىر قەدەمدە مىڭ خىل موجىزە،
پارتىيە بىزنى باشلاپ ماڭغاچقا.

قىزىل بايراقلىق جەڭگىۋار جۇڭگو
يەنە بەختىيارى سەكرىدى - ئۆچتى.

ۋېيشىگىنى كوككە چىقىرىپ ئەنە......
غەلىبىلەرگە غەلىبە قوشتى.

ئۇچار قۇشلارمۇ سايرايدۇ خوشال،
غىنچەككە تەگكەش ئۇنىڭ ئاۋازى.
قىزلار ئۇسۇلغا چۇشتى مەيداندا،
بۇ، غالىپ ئەلنىڭ تويى-پەرۋازى.

هور، ئازات جۇڭگو-مېھرىۋان ئانا،
توھپە-ئىجادىڭ مۇبارەك بولسۇن!
سېنى تەبرىكلەپ بەختىيار ئوغلۇڭ
بۇگۇن پەشتاقتا ناغرىنى چالسۇن.

## گۇلدەستە

ئەزەلدىن ناخشىغا ئامراق، ئەقىدەم چىڭ ھەۋەسكارمەن،
چىمەندە سايرىغان بۇلبۇل كەبى سەنئەتكە خۇشتارمەن.

گۇزەل ناخشامدا كۇيلەيمەن ۋەتەن گۇلزارىنى ھەر دەم،
تىزاي گۇلدەستە ناخشامدىن بولۇپ ئىجاتتا ئىلغارمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چەۋەر خۇاجۇشى بەخش ئەتتى يېڭى بىر مەنزىرە ئەلگە،
ئۇنى قوغداشقا، كۈيلەشكە ئۇمۇرۋايەت پىداكارمەن.

ئاشۇ گۈلدەستىنى داغىغا ھۆرمەتتە تۇتۇپ دىلدىن،
قىلاي چەكسىز ساداقەتكە پەۋەس قەلبىمنى ئىزھارمەن.
78 ـ يىل ئاۋغۇست.

ئەلقەم ئەختەم

## بىيجىڭ

بىيجىڭ جان دىلىم،
بىيجىڭ كوز نۇرۇم،
بىيجىڭ مۇقەددەس —
بىزنىڭ تەختىمىز.
بىيجىڭدە سوزۇم،
بىيجىڭدە كوڭلۇم،
بىيجىڭدە بىزنىڭ
هايات ـ بەختىمىز.
بىيجىڭ دىلىدىن
ئېيتىلغاندا سوز،
تاپقان ئېلىمىز
شۇ چاغدا دەرمان.
بىيجىڭ قەلبىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چېچىلغاندا نۇر،
يۇرەكلەر قىنىپ
چىققان ھەم ئارمان.
بىپىجىڭ ئۈستىگە
تىكلەنگەندە تۇغ،
ۋەتەن ھور بولۇپ،
تەنگە كىرگەن جان.
بىپىجىڭ يۈز ئېچىپ
تاپقاندا شوھرەت،
كوتەرگەن نامنى
ئالقىشلاپ جاھان.
بىپىجىڭ شەرەپلىك،
بىپىجىڭ مۇقەددەس،
ۋەتىنىمىنىڭ شۇ
جېنى — يۈرىكى.
ئۇلۇغ پارتىيە،
بىپىجىڭ قەلبىدە،
ھاياتىمىزنىڭ
ئاشۇ تۈرىكى.
ئەنە شۇ جايدا،
پايتەختىمىزدە،
ئۇلۇغ ماۋجۇشى

خەلقىمىزگە باش.
كوممۇنىزىمغا
باشلايدۇ ئەلنى،
كومپارتىيىمىز
بىزگە بوپ قۇياش.

1954 ـ يىل، ئاپرېل.

## ئايدىڭ كېچىدە

ئاپپاق ۋە سۇتتەك
ئايدىڭ كېچىدە،
قىرلارغا قاراپ
سالدىم كوزۇمنى.
تۇرۇپ ئورنۇمدىن
ماڭسام خوش بولۇپ،
سالقىن بىر شامال
سىلار يۈزۈمنى.
جىمجىت ۋە تىنىق
ئايدىڭ كېچىدە،
ئەركىن كەڭ دالا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياتىدۇ غۇرۇر.
قانسۇن دالالار
دىگەندەك قىلىپ،
ئاسمانكى ئاي
توكىدۇ جىق نۇر.
سېلىپ كوزۇمنى
كەڭ دالا ـ تۇزگە،
ھىسقا كومۇلدۇم
يوللاردا يۇرۇپ.
زوقلىنىپ شۇ دەم
نۇر ئالدىم كوزگە،
ئايدىڭ كېچىدە
قىرلارنى كورۇپ.
چەكسىز شۇقىرلار
دىللارغا ئارام.
گويا بوستاندەك
دەرەخلىرى بۇك.
تاغلار، ئېدىرلار
گۇلشەندەك تامام،
كوز يەتمەس ئىگىز
قىرلاردىن بۇيۇك.
تاغ ۋە ئېدىرنىڭ

ئۈتەكلىرى گۈل،
باغرى گىلەمدەك
دىلدا قايىنار زوق.
كورسەڭ كۆلدۇ،
ئىچىلىپ كوكۇل،
جىرالاردا سۇ
يۈرەككە ئوزۇق.
شۇ سۇ ئايدىڭدا
كوزلەرنى چىقىپ،
خۇددى كۈمۈشتەك
ئاقار پاقىراپ.
دولقۇنلار ياساپ
ئۇرۇپ يانلارغا،
ھەيۋەت بىلەن ئۇ
كىتەر شاقىراپ.
شۇنداق كوكۇللۇك
قىرلار، ئىدىرلار،
تاغلار-دالالار
تۇمەن ۋە تۇرلۇك.
جەننەت دىگەن شۇ،
تويمايدۇ دىلىم،
بۇ ئەزىز ۋەتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىزگە ئۇمۇرلۇك.
يۇردۇم مەن شۇنداق
ئايدىڭ كېچىدە،
بىلسەڭ بۇ يۇرتنى
كۇزەتكىنىم شۇ.
ئېلىپ ئىلھامنى
گۇزەل قىرلاردىن،
يېزىپ شېئىرىمنى
تۇگەتكىنىم شۇ.

1956 ـ يىل ماي.

# بەردىم جاۋاپ

ياز كېلىپ كۇلدى تەبىەت، ياسىنىپ قىزدەك قاراپ،
تولغىنار نازغىپ بۇ تاللار، يارىدەك ساچىن تاراپ.

باغدىكى ئالما، ئۇرۇكلەر، كوز ئېچىپ قىسقاندا گۇل،
شاتلىنىپ قاندى يۇرەكلەر، بۇ باھار دىلغا ياراپ.

كوزلىرىم چۇشتى ئېتىزغا، ياپ ـ يېشىل باغرى ئۇنىڭ،

قىرلىرى گۇل باقتى ماڭا، كوكسىگە غۇنچە قاداپ.

بۇ باھار بىرلەن ئاجايىپ، شات بولغان بارلىق ھايات،
توي قىلىپتۇ گۇڭشىلىرىم، چېلىشىپ دۇتتار ۋە داپ.

قايىنغان ئەمگەك ئىچىرىدا، بەس-بەستىكەن رەنالىرىم،
ئوت يېقىپ كۇلگەندە شۇ چاغ، يۇرىگىم بولدى كاۋاپ.

زەپ كوكۇللۇك، زەپمۇ خوشلۇق، زەپ چىرايلىق بۇ باھ
گۇللىسۇن، ئوسسۇن ۋەتەن دەپ، قانغىدەك ئىچتىم شاراپ

دەل شۇ چاغ نەق-نەق گېپىم دەپ، بۇ يۇرەك دەرلەر ماڭا
"بولغىن ھۇشيار گۇل بېغىڭغا، يات كېلەر سىرتتىن ماراپ".

ھە دىدىم، ھۇشيار دىدىم مەن، ھەرقاچان ھەر دەم يۇرەك
جان تىكىپ تۇرغان كۇزەتچى، مەن دىدىم بەردىم جاۋاپ.

1963-يىل، ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## ئابلىز نازىرى

# كوڭلۇم سەندىدۇر*

بۇلبۇلنى مەس قىلغان باغدا لالىدۇر،
جىگەرلەر يار ئۇچۇن پارە-پارىدۇر،
يار ۋەسلى يۈرەككە شىپا دارىدۇر،
"ئۆزەم ھەر جايدىمەن، كوڭلۇم سەندىدۇر".

قىيناپتۇ كوڭلۇڭنى چېقىپ دەرت-ئەلەم،
ئۆكسۈيسەن، كوكسۇڭنى يېشىڭ قىپتۇ نەم،
ساڭا پەس قىلىپ قەست، قويدىمۇ قەدەم،
"ئۆزەم ھەر جايدىمەن، كوڭلۇم سەندىدۇر".

ئىشقىنى يېڭەلمەس ئەجەل ھەم ۋابا،
بىر ئۆمۈر ئىشقىڭغا قىلغىن سەن ۋاپا،

---

* ئاپتور بۇ شېئىرنى غۇلجىدىكى ۋاقتىدا، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى 7 ۋىلايەتنى سېغىنىپ يازغان.

بۇ ـــ تاھىر ـ زوھرەدىن قالغان بىر جاكا،
"ئۆزەم ھەر جايدىمەن، كوڭلۇم سەندىدۇر".

توسسىمۇ شۇم رەقىپ سېنىڭ يولۇڭنى،
قويسىمۇ بەنت قىلىپ پۇت ۋە قولۇڭنى،
غالىپ بول، پىسەنت قىلماي خەتەر ـ ئۆلۈمنى،
"ئۆزەم ھەر جايدىمەن، كوڭلۇم سەندىدۇر".

ئىزدىگىن كۈرەشتىن ئۇتۇشلۇق ئىمكان،
ياراتقىن ئەجرىڭدىن گۈزەل گۈلۈستان،
چەرخ ئۇرۇپ تۈزگىن بىر مەردۇ ـ مەيدان،
"ئۆزەم ھەر جايدىمەن، كوڭلۇم سەندىدۇر".

# خۇاڭخې دولقۇنى

"جۇڭگو پەيدائى قىسىملىرى ئامېرىكا
تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا
ئۇچراۋاتقان چاۋشيەن باللىرىنى قۇتقۇزماقتا."
ـــ گېزىت خەۋىرى.

ئۇلۇم ئازاۋىدا چىقىرغان ئۈنلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوككە كوتىرىلدى ئوتلار بىلەن تەڭ.
ئىسسىق ئانا قۇچىغىدا ياتقان بالىنى
قورقۇتماقتا غالجىر بىر لەھەڭ.

تىرۇمېن باشلىغان ۋەھشى قوزغۇنلار
چاۋشيەننى كويدۇرمەكتە ئوت ـ ئاتەش چېچىپ.
ئوز ئويىدە تەمتىرەيدۇ سەبى باللار،
تېپچەكلەيدۇ يىغلاپ شۇ ئوتتىن قېچىپ.

خەنچېڭدا بولۇۋاتقان بالايى ـ ئەزىمگە
بىزنىڭ يۇرەكمۇ سىقىلايدۇ،
قېرىنداش بولغىنىمىز ئۇچۇن.
ئۇ يەردە ئاقسا بىھۇدە قانلار
خۇاڭخېمىز ھەقلىق ئۇرۇشقا دولقۇن.

شۇڭا ئەڭ ياخشى ئوغلانلار كەتتى
چاۋشيەنگە،
چاۋشيەنلىككە تىلەكداش بولۇپ.
قالمىسۇن دىدۇق غەم ـ دەرتتە ئانا،
ئىس ـ ئوتتا بالا
كوز ياشلار توكۇپ.

چىن ئىنسانلىق بۇرچى ئۈچۈن
پىدائى بولدۇق،
پىدا قىلىپ جانلارنى.
پۇتلىكاشاڭلا ئەمەس،
جىمىقتۇرۇپ قويماقچىمىز
قۇترىغان ھايۋانلارنى.

* * *

جىددى جەڭ پەيتى،
پىدائى مەرتلەر
تاغ باغرىدا ياتاتتى يەرنى بېغىرلاپ.
بىر چاغ
يېقىن يېزىدىن، ئوتلار ئىچىدىن
پەريات ئۇردى گودەك چىقىراپ.

ئەنە، پاكار تاملار ئورۇلۇپ چۈشتى،
ئىشكلەر كوتىرىلدى ئاسمان پەلەككە.
يانغىن ئوراپ ئالدى گودەك بالىنى......
ئاھ! ئوتتەك قانلار يۈگۈردى
ئادىمى يۈرەككە.

يۈگۈرۈپ كەتتى ئوتلار ئىچىگە
بىزنىڭ قورقماس بىر يىگىتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇ بىردەم ياتاتتى يەرنى بېغىرلاپ،
يەنە يۈگۈرەيتتى بولۇپ سەۋرسىز.

ئۇنىڭ يېنىدىلا يېرىلاتتى
ئۆلۈمنى تىمسقاپ چۈشكەن بومبىلار،
ئۇنى كومۇپ تاشلايتتى
ئىسلار ئارىلاش ئاچچىق توپىلار.
ھەر بىر چۈشكەن ئەجەل بومبىسىدىن
ئۇ، قىلىپ تۈرتۈۋەرمىدى ھەزەر.
جان ئاچچىغىدا چىقىراپ گودەك،
"قېنى، مېنى قۇتقۇزۇڭلار!" دەر.
. . . . . . . . . . . . .

—"رەخمەت سىلەرگە، مىڭ مەررە رەخمەت!
رەخمەت سىلەرگە پۈتۈن چاۋشىيەنلىكتىن.
رەخمەت سىلەرگە، قەدىردانلارغا،
سىلەر ھايات بەرگەن مۇشۇ گودەكتىن......"
دېدى بىر بوۋاي يېشىنى سۈرتۈپ،
باتۇر جەڭچىنى تۇرۇپ قۇچاغلاپ.
گودەكلەر قارايدۇ ئۇيىي تەرەپكە،
يېزا كويىمەكتە تۇتاش لاۋۇلداپ.

خەنچېڭدا بولۇۋاتقان بالايى ـ ئەزىمگە
بىزنىڭ يۈرەكمۇ سىقراپدۇ
قېرىنداش بولغىنىمىز ئۈچۈن.
ئۇ يەردە ئاقسا بىھۇدە قانلار
خۇاڭخېمىز ھەقلىق ئۇرۇشقا دولقۇن.

1951 ـ يىل مارت.

# ئەل مېھرى

«ماۋجۇشىغا مۇھەببەت»① سەرلەۋھىلىك
تۈگشۈننى تەھرىرلەۋېتىپ زور تەسىرات بىلە
قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ماۋجۇشىنىڭ ياخشى ئوغلى شېرىپ داۋۇت،
پىشانەڭدىن غايىۋانە سۆيەي، ئىنىم.
ئارزۇيۇڭدۇر شۇنداق ئاددى، شۇنداق ئۇلۇغ،

① «ماۋجۇشىغا مۇھەببەت» سەرلەۋھىلىك ئوچېرىك يۇقۇرىدىكى
شېىر بىلەن بىللە 1964 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «شىنجياڭ گېزىتى»گ
بېسىلغان. ئوچېرىكتا ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاچچىتاغ يېزىسىدىكى
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شېرىپ داۋۇتنىڭ ئۆز ئىشىغى
مۆۋسىنى ماۋجۇشىغا ئەۋەتىشنى نىيەت قىلىپ، مۆۋىلىك كوچەت پەرۋىش
قىلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان.

ئوينار يۈرەك ـ قەلبىم شۇ تاپ ھاياجاندىن.

سېنىڭ مېھرىڭ ــ ئاتا مېھرى، ئانا مېھرى،
قىلىپ پەرۋىش كوچىتىڭدەك ئوستۇر ئۈنى؛
ۋەتەن شۇنداق مۇنبەت زېمىن (چىلان توپراق)،
ئارزۇڭغا يەت،
پۈتۈن ئەل ـ يۇرت قوللار سېنى.

1964 ـ يىل ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

تېيىپجان ئېلىيوپ

# ۋەتەن ھەققىدە غەزەل

ئانىجان، تۇققان ئېلىم جۇڭگو، ئۇنىڭ پەرزەندىمەن،
رىشتىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.

قىبلىگاھىم پارتىيەم ــ يولچىم مېنىڭ، رولچىم مېنىڭ،
توي بىلىپ ئات سالىمەن ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگە مەن.

شۇ قىزىل دەۋرىم ــ زامانەم شەۋكىتىم ــ شانىم مېنىڭ،
ئىپتىخارىم: شۇ زامانغا كۈيچىمەن، سازەندىمەن.

شۇ مۇھەببەت، قىبلىگاھ، شۇ ئىپتىخارسىز بىر مىنۇت
ياشىسام "جەننەت"تىمۇ، دەيمەن "دوزاقتا بەندە مەن".

تارىخىم بار شانۇ ــ شەۋكەتلىك شۇ تۇپراق قامۇسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ملك كىتاپلىق دەرس ئالارمەن ھەر ۋاراق كورگەندە مەن.

شۇ ئۇلۇغ تارىخقا ۋارىس بولمسام ئومرۇم بويى،
ئولگىنىم ملك ياخشى، بولغاندىن تىرىك شەرمەندىمەن.

ئانا تۇپراق توپىسى گويا كوزۇمگە تۇتىيا،
چولدە يۇرسەم ئوزەمنى سېزىمەن گۇلشەندە مەن.

سۇلىرى ئابى ھايات، كەۋسەر ئاڭا تۇرسا خۇمار،
نە ئۈچۈن مۇھتاج بولۇپ، خۇشتار بولاي زەمزەمگە مەن.

نەگە بارسام ئوز، ئانام قوينىدا مەن ئوگەي ئەمەس،
مەيلى خوتەن، مەيلى تاشكەن، مەيلى تەيخاڭشەندە مەن.

ئوزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم
ئوز ئېلىمدە يايرىغاي كەيسەم كۇلاھۇ-جەندە مەن.

مەنداش قەھرىگە قەھرىم، كۇلكىسى كۇلـكەم مېنىڭ،
قايسى غەمدە بولسا ئۇ، مەنمۇ ھامان شۇ غەمدە مەن.

سانچىلارمەن تىغ بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭغا قىلسا قەست،
دوستىغا دوستلارچە ھەمدەم بولىمەن ھەر دەمدە مەن.

راھىتى تۇرماق، مۇشەققەت پەيتىمۇ راھەت ماڭا،
داتلىسام راھەت ئارا تۇزكور بولۇپ ئۆلمەمدىمەن!

كويىقاپقا قارشى ماڭغان پەھلىۋان ئوغلى تۇرۇپ،
قۇترىغان تەتۈر قۇيۇنلار نوقسا تەۋرەمدىمەن!؟

بەختى كۇلمەكتە ۋەتەننىڭ، ئەتىمىز ئاندىن گۈزەل،
تۇرسا ئۇ بەرگەن كوزۇم، شۇ ئەتىنى كورمەمدىمەن!؟

ئوز ئىسسۇمدەك قۇچاقلايمەن ئاشۇ گۈزەللىنى مەن،
ئاسرىغاچقا مەنمۇ جۇتلاردىن ئۇنى مەيدەمدىمەن.

شۇ ۋىسالدىن رىشتە ئۈزگەنلەرنى ئۇچراتسام شۇ چاغ،
نىمە دەر، ئىغۋاسىنى سالسام يۈزىگە شۇندا مەن؟

بەختىيار مەن، "مېھرىۋان ئوغلۇم" دىدى مېنى ئانام،
تاپقىدەكمەن مۇندىن ئارتۇق قايسى بەختنى ئەندى مەن،

بىر ئومۇر قوينىدا تەر توكسەم ئۇنى قىلسام رىزا،
نە ئىمىشتۇر بىر ئومۇر، مىليون ئومۇر خۇرسەندىمەن.

ئۆلمىدى دەڭلار مېنى، ئۆلسەممۇ ياتسام كوز يۇمۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

شۇ ئانا تۇپراقتا قىزىلغان ئەزىز قەۋرەمدە مەن.

يۇكلىگىن يۇكنى ئانا، مەن تاڭشۇرۇلغان تۇلپۇرۇڭ،
سەن ئۇچۇن يۇكلەشكە رازى تاغنىمۇ يەلكەمگە مەن.

بار ئۇچۇن سەن مەنمۇ بار، سەنسىز ھاياتىم يوق مېنىڭ،
چۈنكى مەن سېنىڭ بىلەن بىر جاندا مەن، بىر تەندە مەن.

1962 ـ يىل ماي.

## سەنئەت باھارى

باھار كەلدى،
گۈلباھار كەلدى.
ۋەتەن باغرى ئىپارغا چومدى،
بۇلبۇللار ناخشا ئېيتىپ، غۇنچىلار كۈلدى.
بايراق ئورمىنى قىلماقتا جەۋلان،
قىزىل دولقۇنلۇق دېڭىزدەك خۇددى.
پەيز قوشتى باھار پەيزىگە
ۋەتىنىمنىڭ سەنئەت باھارى —
سەنئەت بايرىمى.

باغلار ھوسنىدە قۇياشنىڭ ئەكسى،
ئېچىلماقتا ھەممە گۈل تەكشى،
ئەندى ئىشەنچلىك كۆلگىلى تۇردى
كۆر مىڭلىغان سەنئەت خادىمى.
ئەسلىسەك،
بىزنىڭ سەنئەت بېغىمىز
يولۇقۇپتۇ تالاي جۇدۇنغا.
ئىللىق كۈنلىرى بەكمۇ ئاز بولۇپتۇ
ئورناشقاندەك بۇ باغ گوياكى
شامال ئاغزىغا، ئەنسىز ئورۇنغا.
ئىشىنى بۇزدى بىر ئوچۇم مەلئۇن
تەتۈر بۇراپ كېمە رولىنى.
گويا قىلدىن ئىنچىك،
قىلىچتىن ئىتتىك
قىلىۋەتتى سەنئەت يولىنى.
سۇرەتچىنىڭ كوزىنى ئويۇپ،
يازغۇچىنىڭ ئۈزدى قولىنى.
ئۇسۇلچىنىڭ پۇتىنى چېقىپ،
ناخشىچىنىڭ بوغدى گېلىنى.
سەنئەت بېغىنى قىلدى ۋەيران
خالىغانچە قىرقىپ گۈلىنى.
بىر ئوچۇملار — تەكتى باشقىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇرغان زادى ئىش بۇزۇشقىلا.
بىلمەيدۇ بىرەر ئايۋان قۇرۇشنى،
بىراق، ئامراق ئورا كولاشقا،
ئۇلار، مانا شۇنداق ئۇستىلار.
ناخشىغا ئەمەس،
يارالغان بەلكى
ھە دېسە ھورپىيىپ چالۋاقاشقىلا.
راست ئادەمنى "بوجى" دەپ قوغلاپ،
نىملەر قىلمىدى بۇ ئالۋاستىلار!؟......
. . . . . . . . . . . .
مەرھابا، ئەي سەنئەت باھارى،
سەن بىزنى قۇتقازدىڭ ئاپەت دەستىدىن.
ئەندى ئىشەنچلىك غەلىبە قازاندۇق
ئەڭ خەتەرلىك جىنلار ئۈستىدىن.
ئېلىپ سەندىن ئىللىق نۇر، ھاۋا،
تېپىپ سولغۇن دەردىگە داۋا،
گۈللەنمەكتە سەنئەت باشقىدىن.
ئەنە، شۇ تاپتا
ماۋجۇشى ئوبرازى ئالدىمغا كەلدى.
ئۇ خۇاجۇشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ،
يارايسىز، دەپ زوقلىنىپ كۈلدى،
ئەنە،

قەدىردان جۇزۇگلى يۈيتيەنگە كېلىپ
دىدى يەنە:
يېڭى مۇقامنى
قورقماي دادىل ئېيتىڭلار ئەندى.
ئەنە، بىر ياندىن ئېچىلىپ ـ يايراپ
مۇنبەرگە چىقىپ لۇشۇن ئەپەندى،
سېپىمىزگە هورمەت بىلدۇرۇپ،
دىدى: كوڭلۇم خاتىرجەم بولدى.
سادىغاڭ كېتەي سەنئەت باهارى،
مەپتۇن مەن ساڭا،
مەپتۇن شۇنچە مەن.
تىيانشان ئېتىگىدە ـــ سەنئەت بېغىدا
قىلماقتا جەۋلان يېڭى گۇل ـ چىمەن.
مەنمۇ شۇ باغدا، باهار قوينىدا
ئېچىلىۋاتقان يېڭى غۇنچە مەن.
ئېلىمىنىڭ لەكمىڭ شائىرلىرىنى
دېگىز دىسەڭلار،
مەن بىر تامچا مەن.
مېنى بىر مىسرا شېىر دىسەڭلار،
بۇزغۇنچىلارنىڭ رەزىل ئەپتىگە
قارسىلداپ تېگىدىغان تىغدەك قامچا مەن.
ئەي سەنئەت باهارى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سېنىڭ نۇرۇڭدا
سەنئەت بېغى — سەنئەت يايلىغى —
ئېلىمنىڭ گۈزەل روھى بايلىغى.
بەرمەكتە يېڭى شېرىن مېۋىلەر،
شۇنداق ياخشى ئۇنۇمدارلىغى.
"تۇتقىنى تۇتۇپ، دولەتنى تۈزەش"،
سەنئەت بېغىنى تېخىمۇ بېزەش —
بىزنىڭ جانىجان كۈرەش بۇرچىمىز،
بۇ بىزگە تارىخنىڭ جىددى بۇيرۇغى.
بۇ باھارنىڭ قەدرىنى بىلسەك،
سەنئەت بېغىمىز ياشنار شۇ قەدەر:
گۈلى ھەققىدە سوزلىمەي قوياي،
ئالتۇندىن ئىسىل ھەتتا يوپۇرغى.

1977 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## رۇبائىلار

قۇيۇن چىققاندا ھەممىدىن بالدۇر
ئۇچىدۇ قامغاق بىچارە مەغرۇر.
قىزىل يولغۇن تۇرۇپتۇ ياشناپ،
چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر.

*　　　　*　　　　*

ھەزەر قىل، بەزىلەر "جوندەش"كە ئۇستا،
بىر ئىشقا ئالدىدىن ئۇندەشكە ئۇستا.
ئەپلەشسە ئۇزىنى داڭلاشقا ئوستا،
چاتىغى چىقسىلا دوڭگەشكە ئۇستا.

*　　　　*　　　　*

جىق ئىشقا پۇتلاشتى ھەۋەس ـ ھىرىسىم،
ئويلىسام بولىدۇ كوڭلۇم بىر قىسىم.
ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمىگەنلەرگە
كېلىدۇ ماكەمدە ئەجەپ ھەۋىسىم.

*　　　　*　　　　*

تىرىق يەپ ماڭغانلار ئۇزۇن سەپەرنى
قان بىلەن يېزىشتى شانلىق ئەسەرنى.
شۇنداق ئەسەرنى يىرتىشنىڭ ئۇزى
ئۇرغانلىق ئەمەسمۇ تاشقا گوھەرنى.

*　　　　*　　　　*

قىزىل توغ بولغاچقا تاپتۇق بىز نىجات،
ۋەتەنداش تۇققانلار بولدى بىللە شات.
قىزىل توغ ۋەتەندە جەۋلان قىلسىلا
بولگۇنچىلىكنىڭ بازىرى كاسات.

*　　　　*　　　　*

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

ئۇزۇن سەپەردىن ئېچىلغاندا گەپ،
قاتنىشالمىغانغا قىلاتتىم ھەسرەت.
ئەندى ئويلىسام، ئۇزۇن سەپەرمۇ
ھازىرمۇ بار ئىكەن، قېنى، سەن جۈرئەت.

* * *

ئىمتىھان بەرمەي، ئاق قەغەز بېرىپ،
يۇرۇشتى بەزىلەر كوكسىنى كېرىپ.
ئۇنداقلار ھەرگىزمۇ تىكمەيدۇ كوچەت،
مېۋىنى يېيىشىدۇ شىخىنى يېرىپ.

* * *

ساقاللىرىمغا خېلى ئاق كىردى،
رەڭگىمگە ياشلىقتا يات سىياق كىردى.
بىراق تووۋلاش ئۇچۇن يېڭى ناخشىنى
كوڭلۇمگە تېخىمۇ ئىشتىياق كىردى.

* * *

مېنىڭلا راست دېيىش خەتەر شۇ قەدەر،
شۇنداق دەپ بولىدۇ ئادەم زومىگەر.
شەكسىزكى ھەممىنى مۇشتىلىغانلارنىڭ
ماكچىيار تۇمشۇغى ھەممىدىن بەتتەر.

* * *

كىمكى مەستانە بولسا شوھرەتكە،
بولىدۇ مۇھتاج ئۇ خوشامەتكە.

ساختا شوھرەتتىن ئالتۇن تاپقانلار
ئايلىنار ئاخىرى ئۆزى ئەخلەتكە.

* * *

مەرتىۋە قوغلىشىپ تاپماق ئىنتىۋار
پەسكەشلەرگە لايىق ئىقتىدار.
خەلقىنىڭ ئاددى چاكىرى بولماق
كوممۇنىستلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىپتىخار.

* * *

چاخچاق قىلمايمەن قانۇنىيەتكە،
بوي سۇنمايمەن شەخسى نىيەتكە.
ئۇنىڭغا بوزەك بولمايدىكەنمەن
تايانسام پەقەت سەممىيەتكە.

* * *

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى
مىۋىسى قانچە ئۇخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەئلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

* * *

سوكۇشلەرگە بەرداش بېرىپسەن،
بۇ خىسلەت بىلەن يېرىم يىگىت سەن.
پۈتۈن يىگىت بولىمەن دىسەڭ،
ماختاش ئالدىدا كەتمە ئېرىپ سەن.

* * *

ھەممىمىز سوزلەيمىز ھەققانىيەتتىن،
بىراق ئاشالمايمىز ئىمكانىيەتتىن.
نىمىمىز توغرا، نىمىمىز خاتا،
سورايلى يولداش ئەمىلىيەتتىن.

* * *

1960 ــ 1979 ـ يىللار.

پەتتارجان مۇھەممەدى

# ياشلىقىم

سەن كەلدىڭ غۇنچىدىن گۇلدەستە تىزىپ،
يۇرىكىم تاجىغا قىساي مەن سېنى.
تومۇردا قانلىرىم جۇش ئۇردى ئەجەپ،
ئالەمچە روھ بىلەن قۇتلۇدۇڭ مېنى.

سەن كەلدىڭ تاغلاردەك زور قامەت بىلەن،
دەريالار شوخلۇنۇپ ئۇسۇلغا چۈشتى.
سەن كەلدىڭ جۇشقۇنلۇق مۇھەببەت بىلەن،
بۇلبۇللار شاتلىنىپ كۈي ـ ناۋا قوشتى.

سەن كەلدىڭ ياپ ـ يېشىل باغلارنى باشلاپ،
خۇش پۇراق مەۋسۇمنى باشلىدى ئۆمرۈم.
سەن كەلدىڭ تاڭدىكى نۇرغا پۈركۈنۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ تاڭدا باشلاندى ھاياتىي يولۇم.

سەن كەلدىڭ شاۋقۇنلۇق گۈزەل ياشلىقىم،
تاغلاردىن باشلانغان دەريادەك راۋان.
ئەزىز سەن، گۆھەر سەن يۈكسەك تۇيغۇمدا،
سەن گويا يۇلتۇزلار چاقنىغان ئاسمان.

ئەي ياشلىق، گۈل ياشلىق قەلبىمدە سوز كوپ،
بۇلاقتەك شوخ ئۇخچۇپ چاچىدۇ مارجان.
ئالتۇندەك ھېسلىرىم دولقۇنلىرىدىن
سەن ئۈچۈن ئۈنچىلەر چېچىلار ھەر يان.

نىملەر كورمىدى بىرمەھەل بېشىم،
توت ياۋۇز پەنجىسى كېلىپ باسقاندا.
باھارنىڭ ئورنىنى زىمىستان ئېلىپ،
ھوقۇقلار ناخشىچى بولۇپ چىققاندا.

قاپلىغان ئاسماننى قارا بۇلۇتلار،
ياغاتتى ئەنسىزلىك ئاپەت مولدۇرى.
پىغانلار ئەۋجىدىن تولغىناتتى يەر،
ۋەھىمە سالاتتى ئەجەل گۈلدۈرى.

گۈزەللىك سانالغان ئەڭ چوڭ جىنايەت،
باغلارنى قۇرۇتۇپ چىقاتتى بوران.
ئادالەت، ھەقىقەت گۇنا سانىلىپ،
غەليانچى ئېلىكىدە سىقىلغان جاھان.

نەيزىلەر سۇغۇرۇلغان قىزىل قانلاردىن،
ئوتۇكلەر ئاستىدا چەيلىنەتتى باش.
ئاشۇ باش سوڭەكتىن ياسالغان جامدا،
ئىسسىق ياش مەيلەرگە بولغانتى رەڭداش.

بۇ زېمىن ئوخشايتتى قېلىپ چوللەردە
يىلىكى ئۈزۈلگەن مىسكىن بىتاپقا.
لېكىن ئۇ ھامىلدار ئىدى ئەتىكى —
قۇدرەتلىك ئېقىمغا، ئوتلۇق خىتاپقا.

دەرت - ئەلەم يىغىلىپ بولدى زور قىيان،
غەزەپلەر توپلۇنۇپ چىقتى سەپ تۈزۈپ.
قۇترىغان جاھالەت قۇزغۇنلىرىغا
ئىنتىقام ياسىدى ئاچچىق ئوق ئۈزۈپ.

ئىنسانلار ياراتقان بىلىملەر ئىچرە،
تارىخ بار - ئادالەت مىزانى ئاتلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ باقماس قانخورلار مەيلىگە ھېچ چاغ،
يولدىشى خەلقتۇر، سوغىسى شاتلىق.

ئادالەت يېگىدۇ، يېگەر ئەبدى،
ئادالەت شەپقىتى ئاسماندىنمۇ كەڭ.
ئادالەت تارىخنىڭ زىننەت بايلىقى،
ئادالەت قۇياشنىڭ ھاياتىغا تەڭ.

خەلقتۇر ئادالەت ئىجات قىلغۇچى،
خەلقنىڭ ئوغلىسەن، ئادالەت سېنىڭ.
خەلقتۇر دولقۇنلۇق بىپايان دېڭىز،
بىلىق بول ـ ھەمىشە كامالەت سېنىڭ.

ئادالەت بابىنىڭ قايسى قۇرىدا،
خەلقنىڭ خائىنى تاپقان بار روناق؟
قايسى جىن، ھازازۇل ھەقنىڭ پەنجىدىن
قۇتۇلۇپ كەتكەنتى قىلىنماي سوراق؟

تارىخنىڭ قايسى باپ، قايسى بېتىدە،
زۇلمەتنىڭ خاتىرجەم كۆلگەن يېرى بار؟
قايسى تاڭ قىلىچسىز تۈننىڭ باغرىنى
يارماستىن ئوزىچە كەلگەن يېرى بار؟

بۇ تارىخ ئىلمىدە يازغان يېڭى باپ،
ساقلىنار خەلقنىڭ يۈرەك قېتىدا.
بۇ تارىخ يېزىلدى قانلىق ياش بىلەن،
ساتقۇنلار ئورتەلدى قىساس ئوتىدا.

ئەي ياشلىق ئوتكۈزگەن ئازاپلىق ئومـرۈم
شۇ تارىخ ئىچىگە قېتىلغان ئىدى.
كۈرەشلەر قوينىدا ئاققۇزغان تېـرىم
بەتلەرگە قۇر بولۇپ چېچىلغان ئىدى.

تىز پۈكمەي ياۋۇزلۇق قىلىچ بىسىغا،
ئىرادە، غەيرەتتىن قالقان ياسىدىم.
ئومرۈمنى يالمىدى مەلئۇن ئىجىسلار،
ئەمما مەن ئىشەنچتە مەغرۇر ياشىدىم.

مەن كۈتتۈم ئۇزاقتىن سېنى كېلەر دەپ،
سەن كەلدىڭ ياشلىقىم يېڭى جان ئېلىپ.
سەن كەلدىڭ قولۇمغا بېرىپ زۇلپىقار،
غالىپلار سەپىرى سېپىگە قېتىپ.

ئوسسەن، ئورلەيسەن يەنە ياشلىقىم،
جەڭلەرنىڭ كوكىدە يۇلتۇزدەك يېنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قالغۇسى غەلىبىلەر نۇرلىرى بىلەن،
ئەجرىمدىن تارىخقا بەتلەر يېزىلىپ.
1979 ـ يىل مارت.

# شېئىر ۋە شائىر

شېئىر دەيدۇ:
مەن شېئىرمەن تۇيغۇ ـ ھېسسىيات چېچىكى،
قەلبلەرنىڭ ئىنتىزارى يېتىكى.
نۇرلىنارمەن سەھەردىكى چولپاندەك،
ئەل ئوقۇسا يانار يۈرەك چىرىغى.
شائىر دەيدۇ:
بىراق شۇنداق چېچەك ئۈچۈن نۇرۇم يوق،
يېتەك بولۇپ ماڭغىچىلىك قۇربۇم يوق.
ئانچە ـ مۇنچە چۇشەنسەممۇ ۋەزنىڭنى،
كىيىۋالغان تونغا لايىق بويۇم يوق.
شېئىر دەيدۇ:
دەيتتىڭ دائىم: مەندىن ئوزگە غۇرۇر يوق،
يازغانلىرىم قالتىس شېئىر قۇسۇر يوق.
راۋان گەپ جىق ھېسسىياتىڭ كەم نىمشقا،

نەپ بابىدا نەپسىڭدىن چوڭ ئۇقۇر يوق.
شائىر دەيدۇ:
راستىن ئىپىتسام ئىجادىم يوق، كۈچۈم يوق،
شېئىر ئۈچۈن ئىتتقادىم، زوقۇم يوق.
نوپۇز ئۈچۈن ۋاستە قىلدىم شېئىرنى،
ئورۇنلاشقا تەلۋىنگنى بۇرچۇم يوق.
شېئىر دەيدۇ:
ئىست شائىر ئەمەسكەنسەن زومگەر،
تەگدىشى يوق قورال ئىدىم — ئەڭگۈشتەر.
ۋىجدانى يوق سەندەكلەرگە دۈشمەن مەن،
مەن تاج ئەمەس بىلسەڭ ئوتكۇر بىر شەمشەر.

سۈيگۈ بىلەن يازغانلارغا ياقارمەن،
مىسراسىدا دەريا بولۇپ ئاقارمەن.
خەلق ئۈچۈن بېغىشلايمەن كۈچ - قۇۋۋەت،
ياۋ بېشىدا چاقماق بولۇپ چاقارمەن.

شائىر بولساڭ بولغىن ۋىجدان خۇمارى،
ئىنتىلىشلەر ئاشىغىنىڭ تۇمارى.
خەلق بولسا گۈل ئىشقىنىڭ بۇلبۇلى،
مەن ۋىسالنى ئېلىپ كېلەر باھارى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يازلىساڭ ئاشۇنداق ياز دىلىڭدىن،
يۈرىكىڭنى بىلسۇن خەلق تىلىڭدىن.
ساتماي مېنى قان ـ تەرىڭدە ياراتساڭ،
رەخمەت بىلەن نۇر ئالارسەن ئېلىڭدىن.

1976 ـ يىل ئىيۇل،
1979 ـ يىل ماي.

# يۈر، ئالغا

باتۇرلۇق، ساداقەت ـ ۋىجدان غەزنىسى،
ئۇ ئانا ۋەتەننىڭ ئاشىغىغا خاس.
چىن ئاشىق ئالدىدا ياۋۇز ئەجەلنىڭ
ھەرنەپەس يولىدىن ئازغانلىغى راس.
ئەي نىگار قەلبىڭدە ئۇرغىغان سۆيگۈ
غەپلەتنى ئۆزەڭدىن قىلغاندۇ خالاس.
گۈزەل تاڭ ساباسى چاقىردى نىكەم،
يۈر جېنىم ئەل بىلەن بىللە ئالغا باس.

چېلىندى شادىيانغا ناغرا گۈمبىرلەپ،
كۈلمەكتە بۇ ئانا ۋەتەن شاتلىنىپ.

قوزغالدى سۇيگۇنىڭ سانسىز لەشكىرى،
قەدەمدە رەڭگا ـ رەڭ خۇش بۇي گۇل چېچىپ.
ۋەتەنىنىڭ كۇلكىسىدە بار بىزگە تەلەپ،
قېنى يار بارايلى ئالغا ئىنتىلىپ.
مەن چالاي سازىمنى، سەن ئويىنا ئۇسۇل،
كېتەيلى جەڭگىۋار سەپكە قېتىلىپ.

مىسالى بولۇپ بىز بۇلاقنىڭ سۇيى،
بارايلى چوللەرگە شوخلىنىپ ئېقىپ.
تومۇزنىڭ ئاپتىۋى ئۇرلەتسە هوردەك
چۇشەيلى يامغۇر بوپ شاقىراپ يېغىپ.
كىرەيلى مايسىلار تومۇرلىرىغا،
كېتەيلى جان بېرىپ قوينىغا سىڭىپ.
چوللەرگە يېيىلسۇن ئەتلەس ۋە گىلەم،
گۇل ـ چىچەك، گىيالار شۇ سۇغا قېنىپ.

مىسالى بولۇپ بىز ئۇچقۇر شوخ شامال،
سۇيگۇگە قاپلايلى ئېتىز ـ دالىنى.
باراقسان باغلاردىن توشايلى پۇراق،
چوللەرمۇ تەڭ كورسۇن گۇل جامالىنى.
يېشىللىق ئېدىرلار ئۇستىگە كوچسۇن،
باياۋان ئالسۇن هەم بوستان نامىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كورگەندە بوستاننى ئىلھامغا تولسۇن،
كۈرەشچان ئەۋلاتنىڭ ھارماس كارۋىنى.

”مىسالى بولۇپ بىز بىر تال يورۇق شام
يانايلى كەتكىچە تامام يوق بولۇپ.
مىسالى بولۇپ بىز بىر تال سەرەڭگە
يانايلى ئەڭ مۇھىم پەيتتە نۇرلۇنۇپ“①.
شۇ نۇردىن ئەۋلاتلار ئالسۇن ئىلھام ـ كۈچ،
دىلىدا يانسۇن ئۇ ئۆچمەس ئوت بولۇپ.
كېچىدە چاقنىغان ئالتۇن يۇلتۇزدەك،
ۋەتەنگە قارايلى كۈلۈپ شوخلۇنۇپ.

كوتەرگىن ئەي نىگار سۈيگۈ جامىنى،
بىلىسەن لەززەتنى ئەنە شۇ چاغدا.
جاپالار كورۇنمەس ساڭا تېرىقچە،
بىھساپ شاتلىقتىن ئىلھام ئالغاندا.
ئويغاندى، تەۋرىدى بۈگۈن باتۇر شىر،
ئەسىرلەر ئۈمىدى چېچەك ئاچقاندا.
ۋەتەننىڭ كۈلكىسى بولسا زور دېڭىز،
زوقلۇنۇپ جاھانمۇ قالار ھەيراندا.

1979 ـ يىل ئىيۇن.

① بۇ مىسرالار ئەي چىڭنىڭ «نۇر قەسرى» دېگەن شېئىرىدىن ئېلىندى.

ئابدۇكېرىم خوجا

# جۇزۇڭلى بىز بىلەن بىللە

باغدا چىنار، تاغدا كورسەم قارىغاي،
يەردە مەشئەل، تاڭدا چولپان، كوكتە ئاي.
كېلىدۇ جۇزۇڭلى كوزۇم ئالدىغا
شۇنچە ئاددى، شۇنچە تەمكىن، خۇش چىراي.

ھەر سېغىنسام زۇڭلىنىڭ دىدارىنى،
تاغۇ ــ دەريا، كوككە باققىم كېلىدۇ.
جىسمىدىن ئۈزلەپ تېپىپ بىر ياپراق
قۇچىۋا باغرىمغا ياققىم كېلىدۇ.

چۇشسە شەبنەم گۇلگە مەرۋايىت بولۇپ،
تۇرسا يەلپىلدەپ قىزىل تۇغ نۇرلۇنۇپ.
بولسەن زۇڭلىنى كورگەندەك شۇ دەم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇچسا لاچىن كوكتە شوخ پەرۋاز ئۇرۇپ.

كېلىدۇ زوڭلى ئەنە تەرگە چومۇپ،
سېپىمىزنىڭ ئالدىدا تەمكىن، كۈلۈپ.
ئىشلىمەكتە كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ،
بىز بىلەن بىللە كۈرەشتە يەڭ تۇرۇپ.

1978 ـ يىل ئىيۇل.

# رۇبائىيلار

ئانام بوغدا بۇگۈن شۇنچە زىننەتلىك،
كىيىۋاپتۇ خان ئەتلەستىن كوينەكلىك.
ئوينار ئۇسۇل جۇڭنەنخەيگە تەلپۈنۈپ،
كوك گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئاق لىچەكلىك.

* * *

ئەي سازەندەم تارىم، بىزدە ئارمان يوق،
چال سازىڭنى، كوڭۈل ئارا ئەپغان يوق.
خۇاجۇشىمىز بەردى قايتا گۈلباھار،
بېغىمىزدىن ئەمدى غەم يوق، گۇمان يوق.

* * *

كۈن نۇرىنى توسۇپ بولماس ئېتەك بىلەن،
قاغا نەدە سۇيۇشكەن بار چىچەك بىلەن.
قۇزغۇن بىلەن شەپەرەڭنىڭ خۇي ـ پەيلى بىر،
نۇر ۋە گۈلنى بۇلبۇل سۆيەر يۈرەك بىلەن.

* * *

قارغۇ ياپىلاق نۇرغا مېھىر قويغان ئەمەس،
ئوت بىلەن سۇ ئەزەلدىن دوست بولغان ئەمەس.
توت قۇرۇتنىڭ خەلقىم بىلەن ئوچلەشمىگى
بۇ ئەقىلگە بەكمۇ ئۇيغۇن مەنتىقە، بەس.

* * *

سۇپۇرۇلدۇڭ، "توت زىيانداش"، بۇ ئالەمدىن،
روھىڭ ئەبەت ئورۇن ئالدى جەھەننەمدىن.
ئوزەڭ پىچقان كېپەن ئارا ئوزەڭ كىردىڭ،
خالاس بولدۇق مالامەتتىن، قايغۇ ـ غەمدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

ئابدۇۋېلى خەلپەت

# ئاق ئۇستەڭ

مىڭ يىللار قەلبىڭگە توقۇلغان ئارزۇ
سائادەت ئەسرىدىن تاپقۇسى يەكۇن.
تەقدىرنىڭ يىپىنى قول بىلەن چۇلغاپ،
بەختىمىز تارىخىغا قوشىمىز مەزمۇن.

قەلبىم ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزى يورۇق،
تومۇردا شوخ ئويىنار ئۇمىت قانلىرى.
بۇ بەختىيار تاڭدىن سۇ ئىچتى كۆڭلۈم،
كۈلىدۇ ئالدىمىزدا ئۇمىت تاڭلىرى.

قەدەملەر گىگانت، مەنزىل ئاشىمىز،
ئىرادە كەمىرىنى چىڭ باغلاپ بەلگە.
بىز ئەمدى ئاچىمىز ئازات مىھنەتتە،

ھايات گۈلزارىنىڭ قوينىنى ئەلگە.

بىزنىڭ ئېلىمىزدە باشلاندى باھار،
يۈرەكلەر ئويىنىدى جانلىنىپ ھايات.
باھار بۇلبۇلىغا زوق بەردى گۈللەر،
كوكلەردە لاچىنلار يايماقتا قانات.

قەدىم ئارزۇلارىنىڭ ۋەكىلى ئوزەڭ،
سەن ئىدىڭ سۆيگۈنۈم، مېھرىم، ئاق ئوستەڭ.
سېنى دەپ قەلبىمگە يىققانمەن كوپ داغ،
سوزلىسەم پۈتمەيدۇ، سېنىڭ ھىكايەڭ.

ئۈستۈڭدە "زالىملار" بولاتتى ھاكىم،
سۆيۈڭدىن بىر تامچا تەگمەيتتى بىزگە.
ئاقاتتىڭ چايقىلىپ غەمكىن، سىر بىلەن،
يولۇڭدا قىسسە سوزلەپ ھەر ئوغول ـ قىزگە.

ئاق ئوستەڭ!
ئەمدى سەن كوپنىڭ ئوستىگى،
مىليونلار مەيلىنى قىلىسەن ھاسىل.
ئېلىمىز سەن بىلەن گۈلۈستان بولسا،
ئەسىرلەر مۇنبىرىدە بولىمىز دادىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاق ئۇستەڭ تەقدىرىڭ بىزنىڭ قوللاردا،
مىليونلار سۆيىدۇ، سېنى دىلىدە.
سەن ئەمدى بەختىيار خەلقىم سۆيگىنى،
ئەل سېنى بىزەيدۇ ھالال تەردە.

ئاق ئۇستەڭ! سۆيگىدە ياشرار ھامان
يىگىتكە ئاتىغان قىزلارنىڭ گۈلى.
ئاق ئۇستەڭ! سەن ئۆزەڭ ئەلنىڭ غۇرۇرى،
تۈتاشتى خەلقىمنىڭ قولىغا ـ قولى.

1950 ـ يىل 5 ـ ئاپرېل، غۇلجا.

## قەھرىمانلارغا بارىكاللا

ئاڭلاپ جەڭ داستانىڭنى قەھرىمان جەڭچى،
تەسىرات دەرياسىدا سەل كەبى ئاقتىم.
موجىزەڭ ھىكمىتىڭگە ئاپىرىن ئەيلەپ،
غۇرۇرلۇق بىلەن ساڭا تەلپۈنۈپ باقتىم.

ۋەتەن، خەلق ئىشقىدا سەن بوپ ئوت ـ بوران،
ئادالەت ئۇرۇشىدا توھپە ياراتتىڭ.

چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ مۇشت كوتەرگەننى،
دىگۇزۇپ "ئاللا - توۋا"
يەرلەر يالاتتىڭ.

خۇش كەپسەن،
غەلىبە بىلەن قوشكىزەك ئوغلان،
مۇبارەك قەدىمىڭگە پايانداز سالدىم.
گۇل تاقاپ كوكرىگىڭگە سۇيۇپ مەڭزىڭدىن،
يېڭى ئۇزۇن سەپەرگە كۇچ - ئىلھام ئالدىم.

1979 - يىل ئىيۇن.

# گۇلۇمگە

— يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن يەر
ئىسلاھاتىنىڭ باشلانغانلىغىغا تەنتەنە.

تارىخ هوكمى ئۇ، يىللارنىڭ ھەر چامدىمى،
بىلىسەنغۇ؟!
گۇلۇم قۇرۇق ئۇنمەيدۇ.
تېخى ئالدىمىزدا جىق چېلىش يىللىرى،
ئويلىغىنا بىزدىن ئىملەر كۇتمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئۇيلا!
ئۇيلىغىنا تارىخنىڭ بىزگە —
يىللار بىلەن ئارتقان جىقلا قەرزى بار.
ئەنە شۇ قەرزنى يەشمىگەن ھاياتنىڭ،
ئېيتقىنا جېنىم نىمە پەيزى بار؟

يادىڭدىدۇ،
ئاشۇ چاغ،
ئاشۇ كۈنلەر،
نايناق لاۋزىلاردىن رەنجىپ كۆلگىنىڭ.
بەتقىلىق ھىجاقلارغا "خەپ سىلەرنى" دەپ،
ئەگرى كوچىلاردىن ئۇچلىشىپ ئۆتكىنىڭ.

شۇنداق، گۈلۈم بىزنى ئۇ قاراڭغۇ تۇرمۇش،
ئۇگەي كورۇپ دۇشكەلىگەن، يەكلىگەن.
بىز "گۇناكار" بولغان بېگىملەر ئالدىدا،
قانچە تەلپۇنسەك سوزلەتمىگەن ـ چەكلىگەن.

بىراق، بىزكۈتەتتۇق يىراقتىن جېنىم،
تەڭلىك تاڭلىرىنى ئارزۇمەنت بولۇپ.
ئىسسىق قۇچاق ئاچاتتۇق "تەڭلىك" دەيتتۇق،
ھاياتقا تەلپۇنۇپ، زوقلارغا تولۇپ.

يالغۇز بىزلا ئەمەس، بىزدەك مىليونلارنىڭ ـــ
يۈرىگى كۈتەتتى ئەرك تېگىنى.
بىلسەڭ گۈلۈم بىر قاراپباق تارىخقا،
يىللار تۈرگۈزگەن مىليونلار يېگىنى.

ئېلىمدە تەۋرىگەن غالىپ چۇقانلارغا
بۈگۈن بىزنىڭ يېزىمىزمۇ قوشۇلدى،
"ھە" گۈلۈم باشلاپسەن يېزاڭدا كۈرەش،
زەربەڭدىن دۈشمەنلەر دىمى بوغۇلدى.

ئاڭلىسام گۈلۈم ئىشلىرىڭ بەك چوڭ،
سوزلەپسەن خەقلەرگە پارتىيە يولىنى.
دەپسەن "كۈرەشسىز قولغا كەلمەس بەخت"
قۇرىمىز كۈرەشتە ئۇلۇغ بەخت ئۇلىنى.

سوزلەپسەن ئوتمۇشنىڭ ئېپلاسلىغىنى،
چۇكۇپ تاشلاپسەن نىجىسلارنىڭ قارا دېغىنى.
بەتبەشرىلەرنى خويمۇ ئوسال قىپسەن،
ئېچىپ تاشلاپ ئۇلارنىڭ كونا دىتىنى.

ئاڭلىسام نوقۇپسەن نەچچىسىنىڭ كوزىگە،
ئاپسەن ئۇلاردىن تالاي خەقنىڭ ئوچىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

شۇندىن يوغان قوساق هارام تاماقلار
ئوبدان چۈشىنىپتۇ ئىشچى - دېخان كۈچىنى.

چۈشەندىم سېنى گۈلۈم، چىلىشچى بوپسەن،
شۇ ئىدى،
شۇ ئىدى مېنىڭ كۈتكۈنۈم.
شۈكلاشقىمۇ مېنى ئوكۈندۈرمىدى،
ئۈزۈندىن يارتىپ سېنى سۆيگۈنۈم.

گۈلۈم ئالدىمىزدا كۈرەشلەر قىزىغى،
گۈلۈم كۈچ ئال،
كۈچ ئال يېڭى يىل بىلەن.
مېهنەتكەش بەختىچۈن جېنىڭنى تىككىن،
ماۋ زېدۇڭ ئورناتقان ئاپپاق دىل بىلەن.

1952 - يىل 1 - يانۋار، ئۈرۈمچى.

ئەزىزوُپ قـاسىم

# گوُزەل خاڭجوُ

چوققىسى كوككە تاقاشقان شايى ـ مەخـمەل تاغلىرى،
رەڭموُ ـ رەڭ گوُللەرگە تولغان بوُك ـ باراقسان باغلىرى.
جوُشقوُنى كوُي ياڭرىتىپ چالغاندا ساز شىخوُ كولى،
قوزغىتار دىل زوقىنى ”يەر جەننىتى“ خوُش چاغلىرى.

تاۋلىنىپ ئالتوُن قوُياشنىڭ نوُرىدا گوُلزارلىرى،
چاقنىتار كوزنى ئىمارەت ھەم كوچا بوستانلىرى.
نامىنى ئالغاندا تىلغا گوُزەل خاڭـجوُ شەھرىنىڭ
توكىلەر مارجان بولوُپ دىلنىڭ ئاڭا ئىلھاملىرى.

كىسىلىپ توت جادىگەرنىڭ ئاڭا سوزغان قوللىرى،
تىتىلىپ بوپتوُ غازاڭ كوككە يايغان تورلىرى.
قايتىدىن قەد كوتىرىپ ماڭغان باھادىر خەلقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كۈنسېرى بوپتۇ راۋان يېڭى سەپەردە يوللىرى.

خۇاجۇشى بەرگەن بەختىنىڭ قەدرىنى كۈيلەپ راسا،
بەسلىشىپ زاۋۇتلىرى تىنماي چېلىپ نەغمە ـ ناۋا،
ئەلگە داڭدار، ھوسنى رەڭدار دۇردۇنى ـ تاۋارىدىن
كوممۇنىزىم يولىغا ساپتۇ پاياندار مەرھابا.

كۈنسېرى گۈزەل ھوسنۇڭگە تۇس بېرىپ ھەر يانلىرىڭ،
ئورلىگەن ئەندى تېخىمۇ بولسۇن ھەل ئارمانلىرىڭ.
خۇاجۇشىغا ئەگىشىپ يۈكسەل بۈگۈن ئاشقىن داۋان،
كۈيلىسەم خاڭجۇ سېنى پۈتمەيدىكەن ئىلھاملىرىم.

# قايىنام ئورگىشىنى ئەسلەيمەن

1943 ـ يىل. تۇنلەردە تاغلارغا تەشنا بولغان كۈنلىرىم ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كورۇشكەن ۋاقتىم گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە بولغان زىيانكەشلىكى ئەۋجىگە چىققان مەزگىل ئىدى. ئۇ، ئۇرۇمچىدىن ئاقسۇغا مېڭىش ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم مەن بىلەن كورۇشۇپ، مېنى كۈرەش قايناملىرىدا دادىل ئۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئارقىلىق مېنىلا ئەمەس، ماڭا ئوخشىغان مىڭلىغان ياشلارنى شەرقتىن سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىرغان.

ئېھ، لۇتپۇللا، سېنىڭ يالقۇنلۇق سوزلىرىڭ ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرماقتا. سېنىڭ ئارزۇ-ئۇمىتلىرىڭ ئەمەلگە ئاشقان بۈگۈنكى كۈندە سېنى قانداقمۇ ئەسلىمەي تۇرالايمەن.

ياش-قىران بۈركۈت ئىدىڭ كوكلەردە پەرۋاز ئەيلىگەن،
چولدە تەنھا شىر ئىدىڭ يىلۋىز، قاۋاننى چەيلىگەن.
ئوت ئىدىڭ، گۈلخان كەبى يالقۇنلۇنۇپ، تۈننى يېرىپ،
كونا دۇنيا ھىلىسىنى قەھرىڭدە تىنماي ئورتىگەن.

قەلىمىڭدىن ئوت ئېچىپ مۇدھىش جاھالەت تەختىگە،
ياشلىغىڭ، ئومرۇڭنى تەقدىم ئەيلىدىڭ ئەل بەختىگە.
ھەر سوزۇڭ، ئوتلۇق خىتاۋىڭ چولدە زۇمرەت سۈيىدەك،
ياشنىتىپ تەشنا يۈرەكنى سىڭدى خەلقىم قەلبىگە.

ئەسلىدىم ئوتمۇشتە تارتقان خەلقىمىزنىڭ دەردىنى،
سەن كەبى ملىيون قەلبنىڭ ياۋغا توككەن زەردىنى.
كاشكى سەن بولساڭ بۈگۈن بىرگە كورەتتىڭ بىز بىلەن —
ۋەتىنىم — جۇڭخۇا ئېلىمنىڭ تاغ مىسالى قەددىنى.

جەڭگىۋار مىسرالىرىڭدىن ئېچىلىپ ياشلىق گۈلى،
ئورنىغانتى يۈرىگىمگە ئىز سېلىپ ھەر بىر قۇرى.
تاكى شۇ كۈنگە قەدەر ئوتكەن چېلىش- جەڭلەر ئارا،
بولدى قەلبىمدە خىتاۋىڭ خۇددى ئوركەشنىڭ ئوزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تاۋلىنارمەن دىگىنىڭ يادىمدا يىللار قوينىدا،
ھەم ئىجادىڭ ئىز سېلىپ كەلگەنتى يىللار بويىنغا.
شۇڭغا ئاخشام سەن بەخت يولىدا قىلغاچ جان پىدا،
ئۇستى مەرتلىك ئۆلغىيىپ ئانا ۋەتەنىنىڭ قوينىدا.

ئەي ئېزىز دوستۇم، تېنچ ياتقىن بۈگۈن سەن ئۇيقۇدا،
بىز بىلەن بىللە روھىڭ يېڭى سەپەر قايىنىمدا.
خۇش پۇراق چاچقانسىرى قەۋرەڭدە سانسىز گۈل ـ چېچەك،
شېرىڭ بۇلبۇل بولۇپ كۈي ياڭرىتار گۈل ئىشقىدا.

تاجىدىن قادىرى

# كېتىپ بارىمىز گۈلۈستانلارغا

تومۇرلىرىمىزدىكى قاننىڭ ئوينىشى
ئۇ گۈلۈستانلارغا زوقلانغىنىمىزدىن.
شوخ يۈرىكىمىزنىڭ ئويناپ تېپىشى
ئوتلۇق چېلىشلاردا روھلانغىنىمىزدىن.
غالىپ ناخشىلارنى راسا ياڭرىتىپ،
هاي ـ هاي، باشلىۋەتتۇق ئۇلۇغ ئىشلارنى.
قىپ ـ قىزىل گۈللەرنى چېكىگە قىسىپ،
تارىخقا يېزىۋاتىمىز يېڭى ئىشلارنى.
ئۇزاق يىللار بويى مۈكلىنىپ ئاققان
خۇاڭخې، تارىم شوخ ئۇركەشلىمەكتە.
ئۇزاق يىللار بويى قاڭغىر قاخشىغان
شەهەر، يېزىلارنىڭ قەلبى كۈلمەكتە.
ئۇزاق يىللار بويى هوكمىنى سۈرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فېودال ئاپەتنىڭ تەختىنى بۇزدۇق.
ئازات ئەمگەكنىڭ قۇدرىتى بىلەن
جانسىز ۋادىلارغا ھايات كىرگۈزدۇق.
ئۇزاق يىللار بويى خاكىدا، زاۋۇتتا
تاڭنى سېغىنغان باتۇر ئىشچىلار،
قەددىنى كوتىرىپ چېلىش قوينىدا
تاپماقتا يېڭىدىن-يېڭى يېڭىشلار.
ئەرك گۇدۇكىنىڭ ئاۋازىنى تىڭشاپ،
قايناتقان ئېشىمىز تاتلىق-لەززەتلىك.
بىز يېزىۋاتىمىز يىللارغا جاۋاپ،
يىللار بىز ئۇچۇن ئەمدى ئىززەتلىك.
دەرت-ئەلەم، كۇلپەت، قايغۇ-ھەسرەتلەر
ئۇزاق ئارقىمىزدا كومۇلۇپ قالدى.
دىللاردا قايناپدۇ شېرىن تۇيغۇلار،
دىللاردا مەنزىلنىڭ ئارزۇسى ياندى.
باھارنىڭ يېقىملىق، ئىللىق چاغلىرى،
ھاياتنىڭ چىرايلىغى تېخى ئالدىمىزدا.
ئاشۇ كورۇنگەن گۇلۇستان باغلار
چاقىرماقتا بىزنى گۇزەل قوينىغا.
چېلىش قاينىمىدا غۇلاچلار تاشلاپ
يول ئاچتۇق مەنزىلگە-نىشانلارغا

دەۋرنىڭ ئىقىمىنى ئالغا باشلاپ،
بىز كېتىپ بارىمىز گۈلۈستانلارغا.

1953 ـ يىل ماي.

# ئېتىز

گۈل ئېتىز، گۈلشەن ئېتىز، سەن ياپ ـ يېشىل بوستان ئېتىز،
مول ھوسۇللۇق خامىنىڭ شائىر ئۈچۈن داستان ئېتىز.

تاڭ بىلەن كەلدىم قېشىڭغا كەتمىنىمنى چاپقىلى،
سازچى بوز تورغايلىرىڭ بەزمە قۇرۇپتۇ جان ئېتىز.

ياڭرىتىپ گاڭ ناخشىنى باغرىڭغا توكتۇم ئۈنچە تەر،
كۆزلۈگى ئالتۇن باشاق يەلپۈلدىگەن مەيدان ئېتىز.

سەندە ئىشلەپ ناخشا ئېيتسام شاتلىنار كوڭلۈم مېنىڭ،
دائىما مەيلىمنى ئىللىق قوينىغا تارتقان ئېتىز.

1965 ـ يىل ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى

مومىن سەپىرى

# دەۋرىمنى كۈيلەيمەن

خۇاجۇشى تۇتقۇزدى قۇتلۇق قەلەمنى،
خوش بولۇپ قولۇمغا ئالدىم باشقىدىن.
كۆرەشكە، ئىجاتقا باغلاپ چىڭ بەلنى
سەپەرگە مەردانە قەدەم تاشلىدىم.

ئورمانلىق ـ سايلارنىڭ تۇرگۇن سۆيىدەك
ئىلھامىم تاشقىنى كەلدى شاقىراپ.
دەۋرىمنى كۈيلەيمەن مەرغۇل كۈيىدەك
بۇ شانلىق مۇنبەردە ئۈنلۈك ۋاقىراپ.

گۈلۈستان باغدا مەن، سايرايـمەن جۇشـقۇن
باھارنىڭ پەيزىگە چومگەن بۇلبۇلدەك.
ئېچىلدى، قاقاخلاپ كۈلدى بۇ كۆڭلۈم
گۈلشەندە ئېچىلغان توق قىزىل گۈلدەك.

# زاكىر ”زابوي“

(ساتىرا)

مەسلىك،
نەسلىك،
ئاقىۋىتى پەسلىك.

—*—

ئۇچراتتىم بىر كۈنى
قېتىۋالغان سولەت بىر يىگىت.
باش-كوزى يارىدار
داكا بىلەن ئالغان تېڭىپ.
—بۇ كىم بولىدۇ، — دىدىم،
مەلىدىكى بوۋايدىن،
—ھەيران بولما بۇ يىگىتكە، — دىدى كۈلۈپ —
بۇ يىگىتنىڭ لەقىمى كوپ — بىر ھىكايە،
ئاخىرى زاكىر ”زابوي“ قالدى سىڭىپ.
ئۇقۇشسام بۇ ئەھۋالنى،
ۋەقە دەرھەق شۇنداق ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com

تەپسىلاتى مۇنداق ئىكەن:
كونىلىق ـ ناچار ئىللەتتىن،
بەتقىلىق، سەت ئادەتتىن،
قۇرۇق سولەت ـ زىننەتتىن،
ھەممىسىنى جەملىسەك:
"تۇت چايان"نىڭ زەھرىدىن ـ ئاپەتتىن،
قۇتۇلماپتۇ بۇ يىگىت.
تاشلىماپتۇ بوخچىنى،
دۇمبىسىگە چىڭ چىگىپ.
كار قىلماپتۇ نەسىھەت،
يۇقماپتۇ ھىچ تەربىيە،
تەنقىتلىنىپ تۈزەلمەپتۇ،
بېرىلىسمۇ تەنبىيە.
شۇ ئىللەتنىڭ ئىلكىدە،
قاپتۇ تەنە، كۈلكىگە.
تەكەببۇرلۇغى ھەددىدىن زىيادە،
بىيۇكراتلار قالدىكەن پىيادە.
ئاتىدىكەن پاختىنى،
زەي سالماستىن تاغارلاپ.
ئون كېپىنىڭ بىرى راست،
قالغانلىرى يالغان ــ لاپ.
ئەمگەكنىڭ گېپى چىقسا،

پۈتى ئاغرىق — "رىماتىزىم"،
ئاغزىدا سوتسىيالىزىم،
كاللىسىدا ئىدىيالىزىم،
قوسىقىدا فېودالىزىم.
ئەسكىلىكنىڭ قىپتۇ ھەممىسىنى،
يەپتۇ ھەممىسىدە دەككىسىنى.
شۇڭلاشقا
قالماپتۇ قويۇلمىغان لەقەم،
دەسلىۋىدە زاكىر "سەتەڭ"،
كېيىنرەك زاكىر "پو"
چىقالمىغاچقا گېپىدىن ھو.
ئاندىن دەپتۇ زاكىر"لاپ"،
ئىزا،
ھايا بولمىغاچقا،
دىيىشىپتۇ زاكىر"داپ".
ئۇ يۈرگەن يەر
خالى بولماپتۇ جېدەل،
ماجرادىن،
شۇڭا ئۇنى زاكىر "قار ياغدى"
دەپتۇ ئەل.
بەزىلەر دەپتۇ زاكىر"جېدەل"،
بۇ يىل ئاتالسا زاكىر "زاڭ"

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى

كېلەر يىلى زاكىر "قان".
هازىر بولسا زاكىر "زابوي"
توت سەر ئىچىپ
قىلىدۇ "توي".
بەش يىل ئاۋال زاكىر هاي ـ هاي،
ئەمدى ئۇنىڭ هالىغا ۋاي.

—*—

بىر كۈنى كىرىۋىدىم ئاشپۇزۇلغا،
ئۈستەللەر قويۇلۇپتۇ ئۇزۇنىغا.
هىلىقى يېگىتىم ئۈستەلگە چاك ساپتۇ،
بەزى ئولپەتلىرى ئۇنى دوراپتۇ.
ئاشپۇزۇلنى كىيىپتۇ بېشىغا.
ئىچىپتۇ جىق،
بولۇپتۇ غىق،
چىۋىن قونۇپتۇ ئېشىغا.
ناخشا ئېيتتى توي بولغاندەك،
ۋاقىرىدى،
جاقىرىدى،
كانايلىرى بوغۇلغىدەك.
تېتىقسىز چاخچاقتىن
كوتىرىلەتتى "كۈلكە"
كۈلكىلەرمۇ غەلىتە.

بىرى گويا مەرگەن ئوشكە،
بىرى توشقاننى سالاتتى ئەسكە.
بىرىدىن چىقاتتى چىقىرىغان ئاۋاز،
بىرى خۇددى غاقىلدىغان غاز.
بىرىدىن كېلەتتى مايسىرىغان ھارۋىنىڭ
غىچ - غىچ ئۈنى،
تېلىقاتتى بېقىنىنى تۇتۇپ،
سانجىق تۇرۇپ قىينالغاندەك جېنى.
چۇقۇرۇشاتتى
زورمۇ - زور كۈچەپ،
قالاتتى بىرى سوزىدىن تېنەپ.
"كۇلكە" توختىسىلا
كەينى - كەينىدىن ئىچەتتى ھاراقنى،
تەتۇر چايناپ يەيتتى تاماقنى.
ئاغزىنى ئوچاق،
بۇرنىنى تۇرخۇن قىلىپ،
چېكىپ چېكىملىكنى پۇر - پۇر،
ھىلىقى يىگىت
ئوز كوڭلىدە بولدى بىر شىر.
بېشى قېيىپ،
ئالەم چوگىلەيتتى پىر.
بۇرنىدىن تۇرۇپ مېڭىشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەنتۇرۇلۇپ،
خوشنا ئۇستەلنى سوقۇپ كەتتى،
غىزالارنى توكۇپ كەتتى.
ــ قانداق نىمىسەن هوي!؟
توكتۇڭغۇ تاماقنى.
كوزۇڭگە قارىساڭ بولمامدۇ؟!
قاراپ تۇرۇپ چىقاردىڭغۇ چاتاقنى.
دىگۈچىگە
ئەپۇ ئۇچۇن
زاكىر يوللىدى مۇش.
تۇتۇپ قىلىندى بۇ مۇش،
قاۋۇل قوللارغا كىلىپ دۇچ.
بەت قىلىققا چىدالمىغان كوپچىلىك،
غەزەپلەندى،
جىدەلخورنى هەيدەپ چىقىشتى،
بارچە كوزلەر نەپرەت بىلەن بېقىشتى.
زاكىر "زابوي"نىڭ پۇتلىرى،
لام ـ ئېلىپتەك ئالمىشىپ،
"ئۇسۇل"غا چۈشتى قاملىشىپ.
لايغا بېرىپ ئۇ يىقىلدى،
بولدى رەسۋا،
بولدى موخۇ.

ئابرويى توكۇلدى قېتىقتەك،
"تاۋۇزى چۇشۇپ قولتۇقتىن"
ئىنتىزامنىڭ ئالدىدا،
پۇتى كويگەن توخۇدەك،
بولدى بەكمۇ پايپېتەك.

—*—

ئىبرەت ئالغىن ياش دوستلار،
بەگۋاشلىق،
بەتقىلىقتىن قاچقىن نېرى.
"ياشلىق — ئۇگەن"
ئورلە - يۇكسەل
بولغىن ئادەم،
ۋەتەن سەندىن كۇتەر شۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىگە بىر ئادرېسى

رەخمەتۇللا جارى

# ئۇلۇغ ۋەتىنىمگە

مەڭگۈ ياشنا، ئەي ۋەتەن، بولسۇن ئامان باشىڭ سېنىڭ،
كۈچكە تولغان نەۋقىرانسەن، گەرچە چوڭ ياشىڭ سېنىڭ.
قانچە توپانلار، بورانلار ئۇچرىدى، باش ئەگمىدىڭ،
بىھساپ جەڭلەردە يەڭدىڭ، ئۈستى بەرداشىڭ سېنىڭ.
مەن كۆرەرمەن قامىتىڭنى پەھلىۋاندەك تىك، غۇرۇر،
ماڭلىيىڭدا بىر ئۇلۇغلۇق مەڭگۈ يولداشىڭ سېنىڭ.
بەختىيارمەن، سەندە كۆز ئاچماق ماڭا بولدى نىسىپ،
مەن ئۈچۈن جاندىن ئەزىز ھەر تۇپرىغىڭ، تاشىڭ سېنىڭ.
تاغدا تۇرسام ئەركىلەپ، سىپاپ ئۆتەر يۇمشاق شامال،
زەر چېچىپ ئۆتكەي بېشىمغا كۆكتە قۇياشىڭ سېنىڭ.
قاندۇرۇپ تەشنالىغىمنى ئابى كەۋسەردەك سۈيىڭ،
ئەڭ لەزىز بەردى تائام كەڭ داسقىنىڭ، داشىڭ سېنىڭ.
ھورى-غۇلمان نەكېرەك، ئەسلا تامايىم يوق مېنىڭ،

ئومۇرلۇك تۇتقان قولۇمنى بىر قەلەم قاشىڭ سېنىڭ.
خىزمىتىڭگە جان پىدامەن، بۇيرۇغىڭغا مۇنتەزىر،
كور بولاي مەن، گەر ئۇنۇتسام تۇز بىلەن ئاشىڭ سېنىڭ.
ياۋ ساڭا قەست ئەيلىسە، تاپقاي چوقۇم ئوز گورىنى،
ساقلىغايمىز پاك زېمىنىنى ھەر قېرى-ياشىڭ سېنىڭ.
ئەي ئۇلۇغ يولباشچىمىزدۇر كوممۇنىستىك پارتىيە،
يەر يۈزىدە كۈچ-قۇۋۋەتتە يوقتۇر تەڭداشىڭ سېنىڭ.
يەلپۈنەر باشىڭدا ھەر دەم لالە رەڭلىك بىر ئەلەم،
بۇ ئۇلۇغ تۇغ باركى، بىزدە غەلىبە يولداشىڭ سېنىڭ.
1962 - يىل.

# دېخان قىزى

ئوما ۋاقتىدا كوردۇم مەرۋ بويلۇق جانان قىز،
ھوسنى بېغىدا بىر دەم قىلدى مېنى مېھمان قىز.
"يۈز جان بەرسەڭ ئەرزىيدۇ، —دىدىم مەن يۈرەكىمدە، —
پەرىلەر گۈزەل بولماس، ئەسلى گۈزەل دېخان قىز".
توختىماي غۇلاچ تاشلاپ، سول يېرىپ بارار چەپدەس،
يىگىتلەر يېتەلمىدى، كوپنى قىلدى ھەيران قىز.
ئەتلەس كوينىگى بەكمۇ قەددىگە ياراشىپتۇ،

بۇغدايلىقنى گويا ئىكى قىلدى بىر گۈلۈستان قىز،
نۇر ياغار يۈزىدىنكىم، يېتىلگەن قىزىل ئالما،
ياراشقان گۈزەل خالى، ياقۇت لىۋى خەندان قىز.
مەڭزىگە قويۇلغان تەر ئۈنچىدەك تىزىلغاچقا،
قىلچە ھاجەت بولماپتۇ، ئېسىۋېلىشقا مارجان قىز.
ئىشق ئېلىن ئەسىر قىلماق بارمىكىن خىيالىدا؟
چېچىنى كەمەن قىپتۇ، ئەسلى چېچى بوستان قىز.
چاقنىغان قارا كوزى بىرەھىم ئىكەن، بىلدىم،
كىرپىكىنى ئوق ئەيلەپ يۈرەكنى قىلار قان قىز.
ۋە لېكىن ۋۇجۇدىدا كورمىدىم تەكەببۇرلۇق،
”كىم ئىكەن؟ــ دىدىم مەمنۇن.ــ ئەجەپ خۇلقى ئوبدان
قىز!“

دىيىشتى قۇلاغىمغا: ”ئۇنىنچىنى پۇتتۇرگەن،
كومسومول بەلگىسى بار بىزنىڭ داڭدار رەيھان قىز“.
”ئامان بول! ــ دىدىم، ــ سىڭلىم يۇرتىمىزنىڭ پەخرىسەن،
ئەركىن ئوستۇك يېزاڭدا، ساڭا باقتى دەۋران قىز“.

1962 ـ يىل.

# رۇبائىلار

شائىرىم گوھەر قاز، دۇررى مارجان تىز،
ۋەتەننى، خەلقىڭنى كۈيلە ئارمانسىز!
شۇنداق كۈيلىگىنكى، مۇبادا ئۆلسەڭ،
ئىجادىڭ قالدۇرسۇن مەڭگۈ پارلاق ئىز.

*

بۇ سوز سەنئەتتىكى، مىسلى بىر داۋان،
ياكى بەيگى چاپماق ئۈچۈن كەڭ مەيدان،
جاسارەت كورسەتكەن ئۆزۈپ چىقىدۇ،
بوشاشقان ئادەمدىن ئۆزاقتۇر نىشان.

*

دانالار ئېيتقانكەن! "ئومۇر ئاتقان ئوق"،
بۇ ھىكمەت سىرىنى چۈشەن، ياخشى ئۇق!
ۋاقتىڭنى مەزمۇنلۇق، ياخشى ئوتكۈزسەڭ،
ئومرۈڭ ئاخىرىدا قىلچە ئارمان يوق.

*

دۇنياغا كېلىشتىن نىمدۇر مەقسەت؟
يوقنى بار قىلىشتۇر، ئىجات ۋە مېھنەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگۈسى ئەۋلاتقا بىر ئىزنىڭ قالسۇن،
تەييارنى تۇگىتىپ ئۇتسەڭ بەكمۇ سەت.

*

ھەر ئىشقا خەلق ئادىل باھاچى ئۆزى،
ھەممىدىن ئۇتكۇردۇر ئاممىنىڭ كوزى.
ئىشىڭدا توغرا بوپ، ئالغا بىسسۇەر،
شامالدا تۇزۇيدۇ غەيۋەتچى سوزى.

*

كىبىر، تەمەننادىن ساقلان، ئەي كوڭۇل،
ماختىنىش، تامادىن ساقلان ئەي كوڭۇل.
بۇلاردىن چاڭ ـ توزاڭ يۇقتۇرما ھەرگىز،
كەمتەرلىك ئۇتىدا تاۋلان، ئەي كوڭۇل.

1962 ـ يىل.

ئەرشىدىن تاتلىق

# سىنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

دەۋرى ئالغا يۈكسەلدى، ياندىشىمساڭ بولامدۇ؟
ئىلگىرلەشتىن ئەيمىنىپ، يانپاشلىساڭ بولامدۇ؟

"تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ، كەشپىياتنىڭ سۈرئىتى،
تەلىيىمنى سىناي" دەپ، چەك تاشلىساڭ بولامدۇ؟

ئايدىن يوتكەپ قەدەمنى، مارىسقا تىكلەپ ئەلەمنى،
سەن ئۆزەڭگە مۇناسىپ، يول ئاچمىساڭ بولامدۇ؟

قەلەم ئالماي قولۇڭغا، قوشۇلماستىن قوشۇنغا،
ئىجاتكارلار ئىشىغا، كوز تاشلىساڭ بولامدۇ؟

پەن ـ تېخنىكا شۇنچە تېز، يۈكسەك پەللىگە ماڭدى،
ئىلھام ئېلىپ ئۇنىڭدىن سوز ئاچمىساڭ بولامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

پات يېقىندا ئۇزگۇسى كوكتە ئالەم كېمىسى،
شۇنچە پارلاق كەلگۇسى، قىر ئاشمىساڭ بولامدۇ؟

ئوقۇمىساڭ، بىلمىسەڭ، ئىجات قىلىپ يۇرمىسەڭ،
تەرەققىيات يول بېرىپ، سېنى كۇتۇپ تۇرامدۇ؟

تولۇپ تاشقان غەيرەتتە، يەنە كەلدىم بۇ سەپكە،
ئوتتۇش ئۇچۇن ئوتكەلدىن، جەڭ ئاچمىسام بولامدۇ؟

قايتا تۇردۇم بىلەكنى، تىڭشاڭ قىزغىن يۇرەكنى،
يۇرىگىمنىڭ رىتىمى، مىسرادىن كەم ئۇرامدۇ؟!......

1977 ـ يىل ئىيۇن.

## باش ئەتىياز

ئاقتى ئەگىز، كەلدى كوكلەم، كەتتى ئاياز،
تۇرنىلارمۇ توي تارتىشىپ قىلدى پەرۋاز.

تەندە ھوزۇر، زوق قوزغىتىپ، يەر ئويغىتىپ،
جىلۋە قىلىپ، كەلمەكتە بۇ باش ئەتىياز.

ئۇرۇك، ئالما، شاپتۇل بىلەن چىچەك ـ چوكان
يېزىلارنى ياساندۇرۇپ قىلماقتا ناز.

بوستاندا گۈل، شاختا بۇلبۇل، شات قىز ـ ئوغۇل،
سايداتورغاي، تۇمۇچۇقلار چالماقتا ساز.

باغدا كاككۇك، تاغدا كەكلىك، چىل، قىرغاۋۇل،
سايراشلىرى دەيدۇ: "كوكلەم پەسلى بەك ساز......"

بوتا كوزلۇك كىيىك، بۇغا، ئارقار، مارال،
ئايىغىغا يايدى يايلاق گۈل پاياندار.

قوي قوزىلاپ، ئات قۇلۇنلاپ، توگە ـ تايلاق،
كەڭ دالادا چېپىشماقتا، شىر چەۋەنداز.

بۇلدۇقلىغان بۇلاقلاردا ئوينار بېلىق،
"شىر ـ شىر" قىلىپ ئاققان سۇلار دەر: "ئېرىق قاز!......"

قىردا چۇقان، خۇددى ۋولقان، قىزغىن ئەمگەك،
ئېتىزدا ئىش، دىخان يەنە بولدى سەرۋاز.

چاتقاللاردا توشقان ـ دوغداق شوخ چېپىشىپ،
كولدە ئاققۇ، ساستا ئودەك، ئۈزمەكتە غاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

غۇر-غۇر ئۇچۇپ، يۈزنى سۈيۈپ كەلدى شامال،
جۇدۇن-چاپقۇن بىلەن كەتتى جۇت قويۇن تاز.

گۈزەل كوكلەم ھوسنۇڭگە مەن شۇنچە خۇشتار،
تەشنالىغىم قىستاپ مېنى دىگەچكە: "ياز!......"

مىسرالاردىن مەرۋايىتتەك بىزەك ياساپ،
سوغا قىلدىم، بوينۇڭغا ئاس! دىمىگىن ئاز......

1979-يىل ئىيۇن.

## ئالمىنى

مۇئلىك باققا كىرىپ، كوردۇم چىرايلىق ئالمىنى،
ياپراق ئارا جىلۋە قىلار، گويا دىگەندەك "ئال!" مېنى.

شاخلىرىدا تۇرغىنىنىڭ سانى يۇلتۇزدەك تولا،
"قىلمىدى بوزەك — دىگەندەك — ئۇششۇك، قۇرۇتۇ، ھال، مېنى.

مەي بولۇپ پىشقان ئاپورت، لىمۇنلىرى ياغدەك ئىسىل،
تۇرلىرىنىڭ خىللىرى ساناتتى ئەللىك تال مېنى.

"ھەممىمىزمۇ شۇنچە كوركەم، — دىدى — گۇلدەك رەڭگىمىز،
سۇيگىنىڭگە سوغا دەپ ئۇزگىن قويۇنغا سال، مېنى.

قىز - يىگىتلەر بەزمىسىدە دەستىخانىنىڭ زىننىتى،
ياشىرار يىسە يۇرىگى، توقسانغا كىرگەن چال، مېنى.

شەرۋىتىم تىلنى يارار، شىرىنلىگىم قەندىن لەزىز،
بىر قېتىم كورسە تېتىپ، تاڭ قالۇرلەر بال مېنى......"

ھىدلىرى ئەتراپنى قاپلاپ دىماقنى خۇش بۇي ئەيلىدى،
زوقى كوڭلۇمنى ئېچىپ قىلدى ھەيران — لال، مېنى.

سەيلە قىلدىم مەن خوشال، باغ ئايلىنىپ ھەۋەس بىلەن،
قايتىشىمدا شۇ سۇپەت كوردۇمكى ھوردەك ئالمىنى.

1979 - يىل ئاۋغۇست.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىگە ئادرېسى

مەخمۇت زەيدى

# كەسپىمگە مۇھەببەت

— ئوقۇتقۇچىلىق خاتىرەمدىن.

— قەيەردە ئىش ئورنۇڭ — دېسىڭىز دوستۇم،
— باغلاردا ۋەزىپەم كوچەت ئوستۇرۇش.
ئىلىمنىڭ گۈلزارى مەكتەپ قوينىدا،
سانىسىز ئىزباسارغا شەرۋەت ئەمدۈرۈش.

مەكتىۋىم باغ ئىرۇر، ئوسمۇرلەر كوچەت،
بۇلارسىز بولمايدۇ گۈلۈستان ۋەتەن.
باغۋەندۇر بەئەينى ئوقۇتقۇچىلار،
ئوسەلمەس گۈلزاردا زەھەرلىك تىكەن.

پەرۋىشلەپ يۈرىمەن گۈلزارنى كۈن - تۈن،
تەرلىرىم گۈل ئۈزرە توكۈلگەن يامغۇر.

قەلبىمدە ئەل مېھرى گوياكى بۇلاق،
كەسپىمگە مۇھەببەت دېڭىزدىن چوڭقۇر.
1978 ـ يىل.

# قوغۇنلۇق يولى

باراڭدا ئادەملەر ئولتۇرمەس پەقەت،
بار مۇندا قېرى ـ ياش، يىگىت ـ قىز، چوكان.
رازى بوپ ھەممىسى لەززەتكە چومۇپ،
ئۇزايدۇ بۇ يەردىن، تارقىلىپ ھەر يان.

بۇ يىل بەك ئوخشىدى دۆلىنىڭ قوغۇنى،
قېلىشماس تەمىمۇ شېكەر ـ ناۋاتتىن.
ئېيپ ماگار داڭلىشىپ مۇشۇ قوغۇننى،
قانچە مىڭ يول بېسىپ، كېلىپ ئۇزاقتىن.

ئۈزۈلمەس بۇ يەردىن كارۋان، ماشىنا......
تىنماستىن قاتنايدۇ سەپەر دۇلدۇلى.
بۇ يۇرتتا تارقالغان مۇنداق يېڭى گەپ،
ھوڭ① ـــ بېيجىڭ ئارىسى ـــ قوغۇنلۇق يولى.

① ھوڭ ـــ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى داڭلىق قوغۇن چىقىدىغان يېزا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ياد ئەتسەم لۇتۇننى

دەرىزەم ئالدىدا ئۆرۈك گۈللىدى،
قەلبىمدىن سېغىنىش ھىسسى ئۇرغىدى.
يەنە قايتىپ كېلىپ باھار قۇشلىرى
شاخلاردا چۇرۇقلاپ ئۇنى سورىدى.

— مانا، يېقىن قالدى تويلار ھارپىسى،
قايتىپ كەلمىدىمۇ قاينام ئۇركىشى.
ناخشىسىغا ھېرىس ئىدۇق بىز،
دەيتتى ئۇ: ۋەتەننىڭ پارلاق كەلگۈسى.

لۇتۇننى ئەسلىسەم جەڭنى ئەسلەيمەن،
جاراڭلار سامادا ئۇنىڭ ناخشىسى.
ئۇ توككەن قان-تەردىن گۈللەر ئېچىلىپ،
ئاقلاندى شائىرنىڭ نام ۋە نومۇسى.

لۇتۇننى ئەسلىسەم پەخىرلىنىمەن،
جەڭلەردە فورونتتا ئالدىدا ماڭغان.

ھەم نەيزە، ھەم مىلتىق قىلىپ قەلەمنى،
كونا دۇنياغا ئۇ، دادىل ئوت ئاچقان.

لۇتپۇللانى ئەسلىسەم — كورۇندى تارىخ،
ئۇ يۈرگەن يەرلەردە بوستان قۇرۇلدى.
گۈلزارلىق ئىچىدە بۇلبۇل ئاۋازى،
قەھرىمان شەنىگە داستان توقۇلدى.

تاغ - ئېدىر، ئېتىز - قىر، قۇچاقلىرىدا،
شائىرنىڭ جەڭگىۋار قەددى كورۇندى.
قەھرىمان ئەدىبنى ئۇستۇردى خەلق،
لۇتپۇللانى ياد ئەتسەم قەلبىم سۇيۇندى.

1979 - يىل فېۋرال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرىسى

## تۇردى سامساق

# يۇرەك ساداسى

مەن يەنە سېنىڭكى ئەي گۈزەل زامان،
ئوغلۇڭمەن، ئەمەسمەن ئوگەي ياكى يات.
ئوستۇردۇڭ قوينۇڭدا بېرىپ ئاشۇ ـ نان،
ۋە ئەزان قىچقىرىپ ئۇزۇڭ قويۇپ ئات.

ئارزۇلۇق ئومرۇمنىڭ تەڭدىن تولىسى،
قىزغانچۇق يىللارنىڭ قەرزىگە كەتتى.
ئاقارغان چېچىمنىڭ هەر بىر تالىسى
جاسارەت جەزمىدىن تەلىملەر ئەتتى.

يىغلاڭغۇ يىللارغا قارغىشلار بەرگەن
قەھرىمان زامانغا بولارمەن ئوغۇل.
دىگەندى مەن ئۇچۇن تولغاقلار يىگەن
ئانام هەم هەر باهار يېڭىدىن تۇغۇل.

تۇغۇلدۇم تارىخنىڭ باھار تېڭىدا
بىرنەۋنى كوچەتتەك كۆتىرىپ قامەت.
ئويغاندىم جۇشقۇنلۇق دەۋرىم دېڭىدا،
داڭجۇڭيالىڭ شەپقىتى كەلتۈرۈپ ئامەت.

خوشالمەن، ئەمەسمەن قايغۇلارغا قۇل،
شاتلىقتىن شوخلىنىپ سۆيۈنەر جانلار.
مەيلى مېنى قارغاپ قالسا قالسۇن تۇل،
ۋاپاسىز، پەدازخور"گۈزەل" جانانلار.

تەلىيىم، شەرىپىم، شەۋكىتىم، شانىم،
زامانەم خۇلقىدۇر ئىلىم ۋە ئىرپان.
قەلىمىم قورالىم، قۇدرىتىم، كانىم،
ئالدىمدا ئۇلۇغۋار ئوتكەل ۋە ئىمكان.

مەن يەنە سېنىڭكى ئەي گۈزەل زامان،
ئوغلۇڭمەن، ئەمەسمەن ئوگەي ياكى يات.
كوكسۇمدە كوكلەمدىن زىيادە ئارمان،
باغرىمدا باھارچە ئوتلۇق ئىجتىھات.

1978 ـ يىل، ماي. شىخۇ ـ ئۇرۇمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## يۈرەك

ئوتتەك چاقناپ تۇرمىسا،
يۈرىگىم بار دېمىگىن.
يۈرىگىڭ ئويناپ تۇرمىسا،
تىلىگىم بار دېمىگىن.

تىلىگىڭ ئىشقا ئاشمىسا،
بىلىگىم بار دېمىگىن.
ئىشىڭ ئەلگە ياقمىسا،
كېرىگىم بار دېمىگىن.

1955 ـ يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

## خوراز ۋە مايسا

(مەسەل)

باھارنىڭ بىر خۇش كۈنىدە،
خوراز كىردى باغچىغا.

بوستان بويلاپ يۈرگىنىدە،
كوزى چۈشتى مايسىغا.

خورازجاننىڭ زوقى كېلىپ،
چوقۇپ تارتتى مايسىنى.
مايسا سورىسا دىدى كۈلۈپ:
— ئۇستۇرمەكچى مەن سېنى......

*

بىزدىمۇ بار "ئاق خوراز"دەك،
غەمخورلۇغى .كوپ جانلار.
ئۇستۇرىمەن دەپ مايسىنى،
قۇلىغىدىن سوزغانلار.

1957 ـ يىل ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تۇردى سوپى

# ۋەتەن

تۇپرىغىڭ پاك تۇتىيادۇر مەن ئۈچۈن جۇڭخۇا ئېلىم،
كورۇنەر قوينۇڭ ماڭا كۆللى جاھاندىن كەڭ بولۇپ.
قۇتلىسام شامۇ-سەھەردە ئانىجان غەلىبەڭنى مەن،
شاتلىغىم دولقۇنلىنار دەريا، دېڭىزغا تەڭ بولۇپ.

سەندە ئاچقانتىم كوزۇمنى، سەندە يۇمغايمەن ئاخىر،
شەربىتىڭ بىرلە يېتىلدىم خۇددى بىر غۇنچە بولۇپ.
سەن ئۈچۈن مىۋە بېرىش بەختىم مېنىڭ، پەخرىم مېنىڭ،
رازى بولساڭ جان ئانا، كۆلگەي دىلىم دولقۇنلۇنۇپ.

مەن ئەمەس بىرلا سېنىڭدە، ئۈستى ھەم ئەجداتلىرىم،
سەندىكى ھەر بىر گىيا تاشىڭغا چىن ئاشنا بولۇپ.
سەن ئەزىز سەن، يوق جاھاندا سەندىن ئارتۇق سۆيگۈنۈم،
ئاجرىسام سەندىن دەقىق كويىگەي يۈرەك تەشنا بولۇپ.

سەن جاپا چەككەندە چەكتىم مەنمۇ چەكسىز دەرت-ئازاپ،
سەن بەخت تاپقاندا بەختىم گۈللىرى ئاچتى چىچەك.
زوققا تولدۇم ساڭا قايتقان چاغدا كوكلەم قايتىدىن،
تەقدىرىڭنىڭ رىشتىگە پەيۋەندە بۇ جانىم ئەبەت.

ياۋ خىرىس قىلسا ئەگەر، باشىڭغا قالقان كوكرىگىم،
قىلىمىز كۈم قۇترىغان ئالۋاستىنى پەشۋا ئۇرۇپ.
شۇندا دوستۇڭ بىزنى قۇتلار، دۇشمىنىڭ زەرداپ يۇتار،
خەلق ئالەمنىڭ ئىچىدە يۈزگىسىز رەسۋا بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

مەھەممەت رەھىم

# ئىلىم

ئوقۇغۇچىلار ياش ئوغۇل-قىزلار،
چومۇڭلار ئىلمۇ-ئىرپانغا.
ئوقۇشنىڭ راس چېغى شۇلدۇر
ھەۋەسكار قىز ۋە ئوغلانغا.

ئەسىرلەر ئىنتىزار بولدۇق،
ئىلىم ئارزۇسىدا ياندۇق؛
ئوقۇيلى ئەمدى ئارمانسىز،
يېتىشتۇق ياخشى ئىمكانغا.

ئىلىم-پەن ھەممىدىن ئەۋزەل،
ئىلىم ئوچمەيدىغان مەشئەل،
ئىلىمدەك قەدىرلىك نەرسە

جاھاندا بارمۇ ئىنسانغا؟

مىنۇت دەم بىز ئۇچۇن قىممەت،
بىكارغا ئۆتمىسۇن پۇرسەت؛
شامالغا كەتسە ياشلىق چاغ،
قالارمىز سوڭرە پۇشمانغا.

ئىلىمسىزلىك — نادانلىقتۇر،
نادانلىق ئەڭ يامانلىقتۇر،
"ئىلىمسىز ھەم ھايات مەن" دەپ
شۈكۈر قىلماڭ تىرىك جانغا.

ئىلىم - پەن نۇرى ھىكمەتتۇر،
كىشىگە مەڭگۈ نېمەتتۇر،
ئىلىمنىڭ تەرىپى پۈتمەس
كۆتەرسەم قانچە ئاسمانغا.

ئىلىمگە ئىشقىمىز يانسۇن،
ئىلىمگە باغرىمىز قانسۇن،
ئىلىمدىن كۈچ تېپىپ، ئەلنى
يېتەكلەيلى گۈلۈستانغا.

1948 - يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۈزەل ئىستىقبال

ئۆتۈپ كەتتى ئەزىز باشتىن قەپەزدەك قوينى تار كۈنلەر،
ئۆتۈپ كەتتى ۋاپا كورمەي، جاپاغا قەرزدار كۈنلەر.

ئۆتۈپ كەتتى ھالاۋەتتىن، ھوقۇقتىن ھەسسىمىز ئۆچكەن،
زۇلۇمدىن قەددىمىز چوككەن غېرىپلىق خار-زار كۈنلەر.

ۋەتەندىن جۇت، زۇلۇم ئەرۋاھلىرى قوغلاندى، ئورتەندى،
يېڭىپ كەلمەس بېلى سۇنغان رەقىپلەرگە مادار كۈنلەر.

كورۇپ ئۆتكەن شۇ كۈنلەرنى بۇگۇنگە سەلبى مىزان قىل،
ئېسىڭدىن چىقمىسۇن ئەسلا ئۇلۇم، دەھشەت، بىمار كۈنلەر.

ۋەتەن بىزنىڭ، زامان بىزنىڭ، سائادەت نوۋىتى بىزنىڭ،
بۇ كۈنلەرنى نەسىپ قىلغان كۈرەشچان جەڭگىۋار كۈنلەر.

مۇشۇ، دوستۇم، ئەسىرلەردىن تالاي ئەجدادىمىز كۈتكەن،
ئۈمىت-ئارمانىمىز كۈلگەن، سېغىنغان ئىنتىزار كۈنلەر.

بۇ كۈننى قوغدىساق ياۋدىن، جۇدۇن - چاپقۇن، قۇيۇنلاردىن،
كېلەر شۇندا بۇگۈنكى نەۋ باھاردەك مىڭ باھار كۈنلەر.

ئۇلۇغ ماۋجۇشىدەك دانا قوماندان بىزگە باش بولغاچ،
گۈزەل ئىقبالغا ئۇتكەلدۇر بۇگۈنكى بەختىيار كۈنلەر.
1963 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر.

# كۈز شامىلى

كۈز شامىلى يەلپىپ ئۇتىدۇ،
قاناتلىرى يۇمشاق، غۇبارسىز.
كەلمەيدۇ ئۇ بىزنىڭ تەرەپكە
خۇش چىرايىسىز، خۇش بۇي ئىپارسىز.

كۈز شامىلى يەلپىپ ئۇتىدۇ،
بېغىشلايدۇ دىخانغا ھوزۇر.
چۈنكى كۈزنىڭ ھوسنى بىر جەننەت،
ھالاۋىتى ئۇنىڭدىن پۇزۇر.

شۇ خىسلەتنى، شۇ خۇش پۇراقنى
ئالغاچقا ئۇ قىزىل قۇياشتىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەيدۇ: "مەنمۇ يېڭى ھاياتنى
باشلىۋەتتىم بىرىنچى ياشتىن".

كۆز شامىلى يەلپۈپ ئۆتىدۇ
ئەكىلىتىپ ئېتىز-ئېرىقنى.
چومەر ئەندى قىشلىق ئۇيقۇغا
باخاش ئېتىپ كۆزگى ئورۇقنى.

كۆز شامىلى يەلپۈپ ئۆتىدۇ،
دەرەخلەردىن توكىدۇ ياپراق.
بۇ قىلىغى-دىگىنى ئۇنىڭ:
خامىنىڭنى يىغۋال پاتراق!

كۆز شامىلى ئېتىز ئارىلاپ،
دىدى كورۇپ قانچە خامانىنى:
"قانائەتنىڭ شىرىن خىيالى
باسقانمىدۇ بۇندا دىخاننى؟......"

كوزى چۈشۈپ كايىماق بولدى
كېۋەز، قوناق، قارا ئاشلىققا.
كوزى چۈشۈپ ھەيرەتتە قالدى
موكىلاردەك ئالدىراشلىققا.

كۇز شامىلى دىدى ئۇزىگە:
"ياكى بۇ يىل كەلدىمۇ بالدۇر؟......"
تەئەججۇپتىن قۇتقازغان ئۇنى
بىر گۇگۈشىچى ئىشچان ئايالدۇر.

كۇز شامىلى ئېلىپ قاچقاندا
رومىلىنى ئىشچان ئايالنىڭ،
دىدى ئايال پەرۋا قىلماستىن
چاخچىغىغا بۇ شوخ شامالنىڭ:

"يىغىم ۋاقتى،
ئىشىم ئالدىراش!
رومال كېرەك بولسا ئېلىپ كەت.
غەم قىلايمۇ ئېلىۋاتساق بىز
يىلدىن ـ يىلغا تۈگىمەس بەركەت."

كۇز شامىلى دىدى شۇ چاغدا
ئىزھار قىلىپ مۇھەببىتىنى:
"گوگۈشىلاشقان مول ھوسۇل ئېلى
مەپتۇن قىلدى ئۇزىگە مېنى!"

1965 ـ يىل ئۇكتەبىر، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەريەم سەپەر

١

# بىزنىڭ ئەلدە ئاياللار

سۈيۈملۈك كىلاراتسكىنا①،
سىز بۇ كۈندە ھايات بولسىڭىز،
قىلىپ بىزنىڭ ئەلنى زىيارەت،
يايرار ئىدى كوڭۈل ـ كوكسىڭىز.

كونا دۇنيا خوتۇن ـ قىزلارغا،
چىرماپ ئالغان تىلسىم دار ئىدى.
ھوقۇقىدىن مەھرۇم مەزلۇملار
زۇلمەت ئىچىدە خارۇ ـ زار ئىدى.

① كىلاراتسكىنا — 1910 ـ يىلى 8 ـ مارتتا دانىيىنىڭ كوپېنھاگېن شەھرىدە ئاياللار ھەركىتىگە رەھبەرلىك قىلغان ئايال. شۇنىڭدىن كېيىن 8 ـ مارت ئاياللار بايرىمى قىلىپ بېكىتىلگەن.

كومپارتىيە، ماۋجۇشى باشلاپ
ئازاتلىقنىڭ چېلىشلىرىنى؛
شۇ چېلىشتىن يەشتۇق، تۇگەتتۇق،
تىلسىماتنىڭ چىگىشلىرىنى.

ئازاتلىقنىڭ داغدام يولىدا،
كوردى جۇڭخۇا ھورلۇك يورۇغى.
ھەم پۈتۈلدى ئۇلۇغ قانۇندا
ئەر-ئاياللىنىڭ تەڭلىك ھوقۇقى.

شۇندىن بۇيان ئاياللار بىزدە،
ھەممە سەپتە ئەرلەر بىلەن تەڭ.
بولۇپ قالدى غايەت ئۇلۇغ كۈچ
سوتسىيالىزىم ئۈچۈن قىلىپ جەڭ.

فابرىكا ھەم زاۋۇت قويىندا،
ئۇستا تېخنىك مىليونلاپ ئايال.
خوجايىندۇر دولەتكە ئۇلار
ئەمگەك بىلەن تاپماقتا كامال.

خوتۇن-قىزلار قايىنىغان ئېتىز،
ئېتىز ئەمەس كورۈنەر گۈلشەن.

ئاق ئالتۇنـدىن تاغ تىزغان مەرتلەر،
ئۆز خىسلىتىن كورسـەتەر روشەن.

ماشىنىلار باشقۇرار قىزلار،
ماڭغۇزىدۇ ئۇچار تۇلپاردەك.
زەپ ياراشقان رولغا قامىتى
يۇلتۇز ئارا خۇددى چولپاندەك.

ملىيونلىغان ئايال دوختـۇرلار
شىپا تاپار كىسـەل دەردىگە.
موجىزىـلەر كوزلەپ ھەر قەدەم
يۈكسەلمەكتە ئىگىز پەللىگە.

ئەنە سانسىز ئۇستاز خوتۇن ـ قىز
ياش ئەۋلاتقا ئىـلىم بەرمەكتە،
ئەلگە توھپە قوشۇشـنى ھەركىم
ئۆزى ئۇچۇن شەرەپ بىلمەكتە......

پارتىيىگە يېقىن ئەگىشىپ
ماڭدى خەلقىم ئۇزۇن سەپەرگە.
ھەر ساھەدە ئىشـچان ئايالالر
تەييار ۋەتەن بۇيرۇغان يەرگە.

1977 ـ يىل ئاپرېل.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يېڭى بورۇلۇشنىڭ جەڭچىسى

گۈكرەر تىراكتۇر باش ئەتىيازدا،
قىزىغان تىرىلغۇ تويىنىڭ خورى.
پولات ئات تىلغىسا يەرنىڭ باغرىنى،
يەر نەپەس ئالغاندەك چىقاتتى هورى.

قۇياشمۇ مارىلاپ تاغنىڭ كەينىدىن،
ئالتۇن رەڭ نۇرنى چاچقان گۈزەل چاغ.
ئىتىزدىن يانماقتا ئەمگەك مەرتلىرى
بىر ئۇستەڭ قېزىپتۇ، يوتكەپتۇ بىر تاغ.

تىراكتۇر زەندىن يانغاندا ھەممە،
جىم بولدى ئىتىزدا گۈكرىگەن ئاۋاز.
ئىتىزدىن تىراكتۇر ھەيدىگەن يىگىت
كەلمەكتە گوياكى قىلغاندەك پەرۋاز.

ئەڭ ئاخىر ئىشكتىن چىققان روزىغا،
دىدى يىگىت كېلىپ: "تىراكتۇر چاتاق......

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ۋەزىپەم كوپ تېخى شۇ تاپتا مېنىڭ،
سىز بېرىپ ئۇنى بىر كورسىڭىز قانداق؟

شۇ ئاندا روزىنىڭ قانلىرى ئۇرغۇپ،
ۋۇجۇدى جاسارەت، غەيرەتكە تولدى.
تىراكتۇر رېمونتى ئۇنىڭ قەلبىدە،
دەم ئېلىش ـ ھوزۇرىنىڭ ئورنىنى ئالدى.

شۇ ھامان روزىمۇ ياندى ئارقىغا،
لازىملىق جابدۇقنى سالدى سومكىغا.
تەلپىي ئوك كەلگەن شوپۇر يىگىتمۇ
كوتىرىپ دىۋۇژۇك قايتتى ئورنىغا.

دەل گۇگۇم چۇشكەندە كېلىپ ئېتىزغا،
پولات ئات كوكسىنى ئاچتى قويۇپ زەك.
گاھ ئوڭدا ياتاتتى ئاستىغا كىرىپ،
ئايلىنىپ ئىشلەيتتى بولۇپ شەپىرەك.

ئېتىزدىن يېنىشتا كوردى چىمەنگۇل،
تىراكتۇر يېنىدا پەرۋانە روزى.
قىر بويلاپ ماڭغانچە كەلدى يېنىغا
مېھرىۋان دىلىدىن باشلاندى سوزى.

— هازىرلا ساقايماس ئۇنىڭ كېسلى،
چىمەنگۈل كويىۇنۇپ دېدى يارىغا.
دەم ئېلىپ ئەتىگەن باشلاڭ رېمونتنى،
سىز پەيدا بۇ ئىشنىڭ ھەممە ـ بارىغا.

— تىراكتۇر سېنىڭدەك ئامرىغىم مېنىڭ،
بىر ئۇمۇر مەن ئاڭا قويدۇم مۇھەببەت.
يۈرۈشتىن مىنۇتمۇ قالمىسا توختاپ،
ئارزۇيۇم مەڭگۈگە چىچەكلەر پەقەت.

ئويلاپ كور بۇ پەسىل ئالتۇن پەسلىمىز،
بىر مىنۇت ۋاقتمۇ تەڭدۇر كۈنلەرگە.
بەختىنىڭ ئۇلىنى قۇرىمىز شۇندا،
ئىشلىسەك كۈنلەرنى ئۇلاپ تۈنلەرگە.

بۇ يىللار ئادەتچە ماڭساق يەنە بىز،
كوزلىگەن مەنزىلگە يەتمىگىمىز تەس.
ئەھدىم شۇ بۇ شانلىق يېڭى يۈرۈلۈشقا،
بىر ئەمەس مىڭ كېچە ئۇيقۇم كەتسۇن، بەس.

چىمەنگۈل روزىغا بولغاندەك قايىل،
ئويىگە ياندى ـ دە، ئاشقا راسلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى

شۇنچە تېز ئەتتىدە ئاشنى كوتىرىپ،
ئېتىزدا روزىغا يىگۈزۈپ ياندى.

يۇلتۇزلار پاقىراپ ئاسمان باغرىدا،
كوكلەمنىڭ ھاۋاسى چاچار خۇش پۇراق.
قاراڭغۇ پەردىسى يىرتىلدى شۇ دەم
ئويغىنىپ دىۋۇژۇك ياندى سىم چىراق.

گاھ ئېتىز، گاھ زەنگە روزى قانچە رەت،
موكىدەك قاتنايدۇ،
تۈن يىرىم كېچە.
ھېرىشتىن ئەسەر يوق بەستىدە ئۇنىڭ،
ئارىلىق خوپ يىراق بولسىمۇ گەرچە.

ئۇستانوك ۋاللىداپ ئېيتاتتى ناخشا،
قىزىل گۈل تاجىدەك ئۇچقۇنلار چېچىپ.
روزىمۇ چەبدەسكى ماسلىشار ئاڭا،
ئەڭ نازۇك لىڭجيەنگە توشۇكلەر ئېچىپ.

بىرقانچە ئۇستانوك ئۇنىڭ ئىلكىدە،
دەممۇ-دەم ئۇلارنى سالاتتى ئىشقا.
ئاپىرىن ئوقۇيدۇ ھەر كىم كورسىمۇ،
يېزىدا ئىشلىگەن مۇشۇنداق ياشقا.

يول ئالدى ئېتىزغا ئاخىرقى قېتىم،
ياسىغان جابدۇقنى سېلىپ دولىغا.
سىلىندى پولات ئات ئۇچەي ـ باغرىمۇ،
جانىۋار يىگىدەك كەلدى ھۇشىغا.

تىراكتۇر قوزغالدى، شۇنچە خوش روزى،
يۈزىدە ھېرىشتىن كورۇنمەس ئەسەر.
ئەجرىنىڭ مىۋىسى شەرۋەتكە تولغاچ،
سەزدى ئۇ ئوزىنى تېخىمۇ قەيسەر.

پولات ئات سېرىگەن چېغىدا تىزگىن،
خورازلار تاڭ ئېتىش سىگنالى چالدى.
تەبرىكلەپ روزىنى كوكتىكى چولپان
تېخىمۇ ۋىلىلداپ نۇرلىنىپ ياندى.

ئاۋازدىن ئويغىنىپ دەس تۇردى چىمەن،
تاپتى ئۇ روزىلار ئىشلىگەن جاينى.
ئوت يۈرەك يارىغا كېلىپ مەسلىكى،
سۇندى ئۇ ناز بىلەن ئۇسسۇلۇق چاينى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

رەخىم قاسىم

## پارتىيىگە مەدھىيە

تەرىپىڭنى كۈيلىسەم، خۇددى قايىنار بۇلاقمەن،
شۇ بۇلاقتىن ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرغان قوشاقمەن.

پەرزەندىڭگە مېھرىۋان سەن شەپقەتلىك بىر ئانا،
مېھرىڭ ئېمىپ چوڭ بولغان تۇنۇگۇنكى بوۋاقمەن.

سەن سۇ بولساڭ، مەن بېلىق، سەنسىز ھايات يوق ماڭا،
سەن بىر چىنار، بەرگىڭدە ياشناپ تۇرغان ياپراقمەن.

مۇھەببىتىڭ قان بولۇپ سىڭىپ كەتكەن تېنىمگە،
پەرۋانىدەك ھەر زامان ساڭا شەيدا — ئامراقمەن.

ئەركىن ئۇچقان قۇشلارمۇ مەپتۇن ئازات ئومرۇمگە،

بەخت ـ شاتلىق ئۇلپىتىم، دەرت ـ ئەلەمدىن يىراقمەن.

داڭجۇڭياڭ ھەم خۇاجۇشى پاتماس قۇياش قەلبىمدە،
تەۋرىتەلـمەس جۇدۇنلار، مەغرۇر تۇرغان زور تاغمەن.

بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن دوستلۇرۇڭنىڭ ئىشقىدا،
دۇشمىنىڭگە ئۇرۇلغان مىسلى گۇرزى تاياقمەن.

سىنى سۇيۇپ ئاسراشتىن ئارتۇق شەرەپ يوق ماڭا،
شاتلىغىڭدۇر شاتلىغىم، غەم ـ قايغۇڭغا ئورتاقمەن.

مەن بىر ئۇرۇق سەن ئۇچۇن گۇل ئاچقۇچى ھەر يەردە،
تاققا قويغىن، چولگە قوي، ساڭا تالىق ياراقمەن.

شەپقىتىڭنى جەملىسە تار كېلىدۇ ئالەممۇ،
ئىبخ، پارتىيە ئەجرىڭنى ئاقلالمىدىم بىراقمەن.

ئارمىنىم شۇ: بىر ئۇمۇر ساڭا بولماق تەقدىرداش،
سادىق بولۇپ قالىمەن ساڭا باشتىن ـ ئاياقمەن.

1978 ـ يىل 1 ـ ئىيۇل، ئۇرۇمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىتاپ

چىرىغىسەن دانىشمەنلەر قەلبىنىڭ،
جەۋھىرىسەن ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ.
سەن گوياكى جاھاننەما ئەينىكى
ئۇزاق ئۆتمۈش ھەمدە پارلاق ئەتىنىڭ.

دۇرلار قېزىپ ئىلمۇ ـ ھىكمەت كېنىڭدىن،
سۈيۈنگەندىم زوقـقا تولۇپ دىلىمدىن.
ئەقىدەمنى باغلىغاندىم باشتىلا
ئۆمۈر بويى ئايرىلماسقا سېنىڭدىن.

ئەپسۇس، بىزنى بولدى ئىگىز تام بولۇپ،
"توت گېزەندە" گويا قارا تاغ بولۇپ؛
سەنسىز ئۆتكەن ئاشۇ ئېغىر كۈنلۈرۈم
يۈرىكىمدە قالدى ئۆچمەس داغ بولۇپ.

ياۋ قىلمىشى چۈشسە ئەسكە ھەر قېتىم،
تاشار دىلدىن ئىنتىقامىم ـ نەپرىتىم،

ئۆتمۈش تارىخ ئايان بولار ئالدىمدا،
ئۇزاقلارنى كېزەر خىيال كەپتەرىم:

بىر زامانلار ئۆتكەن شۇنداق خان ـ خاقان،
كىتاپ دېسە قۇيىقى چېچى تىك تۇرغان.
سەن بولغاچقا ھەق ـ ئادالەت جارچىسى،
سېنى چەكلەپ گۇلخانلاردا ياندۇرغان.

ئۇلار تۇتقان جاھالەتنى پىر قىلىپ،
دوتلىگىنى ياپماق بولغان سىر قىلىپ،
سەن يوقالساڭ، ئىلىم ئەھلى يوقالسا،
بىر قالاتتى سىر بويىچە يېپىلىپ.

شۇندا دوت خان ئېلىپ خىزىر نامىنى،
خالىغانچە خار ئەيلەتتى ئاممىنى.
ساڭا ئۆلۈم جازاسىنى كېسىشتە،
مۇشۇ ئىدى كۆتكەن ئۈمىت ـ ئارمىنى.

ئۆتۈپ مانا ئەسىرلەردىن قانچىسى،
"توت گېزەندە" بولدى ئۇنىڭ ۋارىسى.
"سېرىق" بولدى ئىلغار كىتاپ بولسىلا،
"سېسىق" بولدى ئالىم، شائىر......بارچىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى، دۈشمەن بۇ داۋلىنى بىلىدۇ:
ساۋاتسىز ئەل ھامان نادان كېلىدۇ.
ئوقۇپ كۆزى ئېچىلغانلىنى ئەزمەكتىن
نادانلارنى ئەزمەك ئاسان كېلىدۇ.

ئۇلار ئۆزى ئىگە بولۇپ ھەممىگە،
ئولتۇرماقچى ئەلنىڭ رىسقى — بەختىگە.
يۆلەشتۈرۈپ يەتمىش پۈشتى نەسلىنى
چىقارماقچى جاھالەتلىك تەختىگە.

شۇ غەرەزدە بەتنام توقۇپ، كۆپتۈرۈپ،
چىقتى ئۇلار سېنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ.
كىمكى ساڭا چىن ئىشتىياق باغلىسا،
"شيۇجېڭجۈيى" قالپىغىنى كىيدۈرۈپ.

تارىخ ئەسلا چېكىنمەيدۇ كەينىگە،
يول قويمايدۇ ئازغۇنلارنىڭ مەيلىگە.
ئاللىقاچان بەل باغلىغان خەلقىمىز
يېتىش ئۈچۈن كوممۇنىزىم — پەللىگە.

پارتىيە ھەم خۇاجۇشى دەل ۋاقتىدا
يەتتى ئەلنىڭ كۆڭۈل رايى — دادىغا،

"تۇت گىزەندە" رەسۋا بولۇپ ئىسىلدى
بىزنى ئاسماق بولغان ئۇلۇم دارىغا.

ئىخ، كىتاۋىم، بىزگە قايتا توي بولدى،
دىلغا شاتلىق داستان بولۇپ قويۇلدى.
ماركس ـ لېنىن، ماۋجۇشىنىڭ تومىدىن
ھاياتىمغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى.

سانىسىزلىغان مۇتەپەككۇر دانىشمەن
سوزلەشمەكتە سەن ئارقىلىق مەن بىلەن؛
تاپماقتىمەن دىلغا ئەقىل، كوزگە نۇر،
جەڭدە قۇدرەت، ئىشتا ھىكمەت سەن بىلەن.

سېنى سۇيۇش پۇتمەس بەخت ـ سائادەت،
سەندە تاپار پاراستىم كامالەت.
خۇددى تەشنا كاراپ بولۇپ ئاقىمەن
مىسرالىرىڭ دەرياسىدا تا ئەبەت.

1978 ـ يىل ئوكتەبىر، ئۇرۇمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىر جۈپ قارىغاي

بىر جۈپ قارىغاي ئېگىز چوققىدا،
ئېسىل خىسلەت چاقنار تۇرقىدا.

* * *

يازدا كوردۇم: گۈلدۈرلەپ ئاسمان،
چاقماق چېقىپ سالاتتى ھەيۋە.
ئۇلار مەغرۇر تۇراتتى خۇددى
قۇچاغلىشىپ بولۇپ بىر گەۋدە.

كۈزدە كوردۇم: تاراسلاپ يامغۇر،
ئۇرۇلاتتى قامچىدەك گويا.
ئۇلار كوككە تىرەپ بېشىنى،
شۇم جۇدۇنغا قىلمايتتى پەرۋا.

قىشتا كوردۇم: ئەگمەكچى بولۇپ
شاخلىرىنى باسقان ئاق قارنى.
لېكىن يېشىل يوپۇرمىقىدىن
قىشنى ئەمەس كوردۇم باھارنى.

تۇت پەسلىنىڭ بەرىدە كوردۇم،
تۇت پەسلىنىڭ سانسىز ئاپتى؛
نە سارغايتسا، نە ئەگدۈرسە باش،
تۇت پەسلدە مەغرۇر قامىتى.

چوققىدىكى بىر جۈپ قارىغاينى
قىياس قىلدىم بىز ئىككىمىزگە.
بىز ئەمەسمۇ ئېغىر كۈنلەردە
سادىق قالغان ئۆز سۆيگىمىزگە.

مۇھەببەتنى سۆيگەندىن ئارتۇق
چۈنكى، سۆيدۇق چىن ھەقىقەتنى.
شۇ ھەقىقەت ياراتقان بىزدە
مەڭگۇ غالىپ ،پاك مۇھەببەتنى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مەھەممەتجان سادىق

•

# ئانامغا

......گاڭ بازغىنىمنى
باش ئۈستۈمگە كۆتەرسەم، ئانا
— "ئىشلەك قانداق؟" دەپ سوراپ كېتىسەن......
— ھە،
ئىشىم كوڭۈللۇك!...... —
دەيمەندە يەنە يېنىپ بازغىنىمنى
كۆتەرسەم كېلىپ قاراپ كېتىسەن......

تۈن كېچىلىرى......
ئۇخلىماي ئۇزاق...... ئېيتاتتىڭ:
— ئوغلۇم!
باغرىمنى قان قىلدى رودىپاي زامان.
چۈشىنەتتىم

سىنىڭ ئىزگۇ مۇڭگۇڭنى......
— "چېلىشتىن ئۇس!......" — دەيتتىڭ سەن هامان.

چاقنىتىپ كوز......
بوران قۇشىدەك كېرىپ مەيدەمنى
قېنىمدىن ئوت چاچرىتىپ
ئۇستۇم كوپ يىللار......
چېلىشتىم......
ئاتتى كۇمۇش تاڭ......
سائادەت قۇشلىرى قاققاندا قانات.
باهار گۇللىرىدەك
ئېچىلدى دىللار!......

ئانا!
تىڭشا، ئوغلۇڭنىڭ باهار قويىندا
چېلىش بىلەن ئېيتقان گاڭ ناخشىسىنى!
بەخت ناخشىلىرىنىڭ
ئەڭ تاتلىق
(زوقۇم كەلگۇدەك)
گۇلشەنلەر گۇلىدەك خويما ياخشىسىنى!

مانا،
ماڭلىيىمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىپ-چىپ تەر توكۇپ،
تۇرىمەن پولات ئېرىگەن پېچلار يېنىدا.
سېنى سۇيگەچكە ئوغلۇڭ يۇرەكتىن،
ئۇزمەكتە بەش يىللىق،
مېھرىڭدىن كۇچ ئالغان قىزىل قېنىدا......

باغرىم، ئانا!
چويۇن بۇلاقلىرىدىن
پولات ئاتلار بېنزىن پۇرۇتۇپ
كەتتى ئاشۇ
مەن سۇيگەن يېشىل بوستانلارغا!
ئېيتتىم
يېزا قىزىغا:
ئۇزۇۋېلىپ ئاسمان يۇلتۇزلىرىنى
ئېسىڭلار، دەپ، گۇلۇستانلارغا!......

ئەنە، قاراڭ!
بىر مەن ئەمەس ئىشقا كويۇنگەن،
سىزگە ئامراق بولغان ھەممە ئادەملەر......
كۇلمەكتە تولۇن ئاي
ۋىشكىلار ئۇستىدە،
جۇڭغار دالاسىدا

ئىش بىلەن قىزىغان يېڭى قەدەملەر......

پارتىيە نۇرلىرى،
پولات ئېرىتىدۇ پېچلاردا، ئانا!
پولات قايىنىغان كولىلەردىن
گۈللەر چاچرايدۇ.
خاڭدىن،
يېشىل يېزىدىن،
خىشلار ئوسسۇۋاتقان يېڭى قۇرۇلۇشتىن
مۇقەددەس ئاشۇ نۇر —
قۇياش پاقىرايدۇ......

كوزۇمدە، ئانا،
شۇنداق بىر گۈلشەن
(كورىمەن ئېنىق)
زوقلىنىپ قارايمەن ئىشنى ئۇلغايتىپ.
يېقىن ئۇ، كۆنلەر —
ئۈمىت پەللىسى،
چېلىشتىن بارىمىز بەخت چوققايتىپ.

ئېخ، مېنىڭ مېھرىۋان،
غەمگۇزار ئانام،

گۇل تاقىغان كوكسىڭنى كورۇپ
ئالەمنى چۇلغايدۇ ئوغلۇڭ ناخشىسى:
ـــ "ياشا!"
ياشىرىپ، گۇلشەن ۋادىسى ـــ
باغرىڭدىن ئوپىدۇ كېلىپ ئالدىڭغا.
ياشا ئىشچىنىڭ،
باتۇر جەڭچىلەرنىڭ
ئاق دىل ئانىسى!

1953 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

# نان

تاڭ شەپىغىدەك توقاچنىڭ
چىشلەپ يىدىم چېتىدىن......
ئاھ......
سەزگۈلەر ئويغاندى لەززەتنى تېتىپ،
يالقۇن ئورلىدى يۈرەك قېتىدىن......
نان!
نانسىز ئوتەرمۇ ئالەمدە بىر كۈن،
كىملەر زېرىككەن تەمىنى تېتىپ؟!

ھايات ئۇنىڭسىز ساماندەك سېرىق —
بولىدۇ،
قېنىمۇ كېتىپ......
چىشلەپ يىگىنىمدە ئاق ناندىن
قەلبىمدە سۆيگۈدىن سېزىلدى بىر ئىز.
تەشەككۈر كوزىدە تىكىلدىم دىخانغا،
گۈلشەندەك كورۈندى ماڭا ئېتىز.
1957 ـ يىل ئاۋغۇست، كۇچار.

# يېزا يولىدا

I

كۈز كەلدى،
سېرىق تاۋارغا پۈركىنىپ
تولۇن يۈز كەلدى!
ساڭغا توشقان ئاشلىقتەك
ئېغىز تولۇپ سوز كەلدى!

II

تاپ ـ تاقىر ئېگىزلار ئارىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يالغۇز ئاياق يول كېلىدۇ.
يول ئۈستىدە
بىرى قىزىل،
بىرى ئاق —
گۈل كېلىدۇ.
قىزىل گۈلۈم — ياش چوكان،
ئۇن توت كۈنلۈك تولۇن ئاي.
ئۇنىڭ جۈپتى — مەرت ئېرى
كوپىراتىپتا "داڭلىق باي"......
جىمىڭ ئالتۇنغا ياقۇت كوز —
يارىشىدۇ، ئورگىلەي!
بىر بىرىگە
سۆيگۈ تولغان كوزلىرىدە
قارىشىدۇ، چوگىلەي!

بۈگۈن ئۇلار
قەدىم كۈچار بازىرىغا
خوشال بولۇپ يول ئالدى.
بىلىپ قالدىم سىرىنى:
گاڭدەك توت قول ئەمگەكدىن
تەقسىماتتا
دارامەتنى مول ئالدى.

1957 ـ يىل ئاۋغۇست، كۈچار.

ئابدۇسالام توختى

# گۈزەل ۋەتىنىم

ئېيخ جۇڭگو!
ئىقبالى پارلاق ۋەتىنىم!
قۇياشلىق ھوسنۇڭگە باقمەن تويماي.
چۇنكى بار سېنىڭدە مىڭلاپ باھارنىڭ
ھوسنىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق گۇل چىراي.
گۈزەل سەن ۋەتىنىم، چۇنكى، باغرىڭدىن
مەڭگۇگە يوقالغان زۇلمەت ـ زىمىستان.
ئۇزەڭ سەن شاتلىق ۋە بەختىنىڭ كانى،
ئەي گۇلگە ۋە نۇرغا پۇركەلگەن ماكان!
گۈزەلدۇر ــ ۋەتىنىم، ئالتۇن باشاقلار
چايقالغان تۇپرىغىڭ، كەڭ ئېتىزلىرىڭ.
گۈزەلدۇر ــ ئىشقىڭدا ئوت بولۇپ يېنىپ
ماڭلايدىن تەر توككەن ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈزەلدۇر — ئەنشەندە، بلۇتو، ۋۇخەندە
يالقۇنلار چاچرىتىپ ئاققان گاكڭ - پولات.
گۈزەلدۇر، زاۋۇتتىن ئېتىزغا قاراپ
تۇرنىدەك سەپ تارتىپ ماڭغان "پولات ئات".
گۈزەلدۇر — داچىڭدىن، يۇمىن، قارامايدىن
پونتاندەك ئېتىلىپ چىققان نېفىتلار.
گۈزەلدۇر — گوياكى قويۇق ئورماندەك
تىزىلغان ئالدىكى سانسىز ۋىشكىلار.
گۈزەلدۇر — ياپ - يېشىل مەخمەل تون كىيگەن،
شىرىن مىۋىلەرگە تولغان باغلىرىڭ.
ۋەتىنىم!
گۈزەلدۇر — ئاشىق - مەشۇقتەك
بۇلۇتنى قۇچاقلاپ تۇرغان تاغلىرىڭ.
گۈزەلدۇر — بىپايان يايلاقلىرىڭغا
پاتماستىن ئوتلاشقان سانسىز كوپ ماللار.
گۈزەلدۇر — تىنىق سۇ ئىچىپ، جوسان يەپ،
قىيغىتىپ يۈرۈشكەن بۇغا - ماراللار.
گۈزەلدۇر — ئۈندىكى قىش - ياز كوكىرىپ،
كوككە تىك باش سوزۇپ تۇرغان قارىغايزار.
گۈزەلدۇر — ھەيۋەتلىك تىك چوققىلارنىڭ
بېشىغا تاج بولۇپ كىيلگەن ئاق قار.
گۈزەلدۇر — پاقىراپ كۈمۈش يوتىدەك،

باغرىڭداجۇش ئۇرۇپ ئاققان دەريالار.
گۈزەلدۇر — شۇ دەريا سۇلىرى بىلەن
ياشنىغان مۇنبەت يەر ـ چەكسىز دالىلار......
گۈزەلدۇر — چەت ـ ياقا يېزا ـ قىشلاقنى
يورۇتقان ئېلېكتىر ـ نۇرلۇق چىراقلار.
گۈزەلسەن ۋەتىنىم، چۈنكى كوكسۇڭدە
يەلپۈللەپ تۇرغاچقا قىزىل بايراقلار......
شۇ گۈزەل باغرىڭغا تاپ باسسا دۈشمەن،
چوقۇم گۇم قىلىنار شۇ ئان — شۇ يەردە.
مۇستەھكەم قوغدايدۇ، چۈنكى چېگراڭنى
پارتىيە ئۇستۇرگەن باتۇر ئارمىيە.
شۇ كوركەم قوينۇڭدا ياشايمىز ئىناق،
ھەر مىللەت خەلقلىرى بولۇپ قېرىنداش.
بىر نىيەت، بىر دىلدا سەندە ھەر مىللەت،
بولماقتا ئوزئارا غەمخور ـ يولەكداش.
كۈرەشنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىدا
ئۇلۇغ كاراپ بولۇپ ئۇزمەكتىمىز بىز.
ۋەتىنىم!
ئوزگەرتىپ ئاق ـ نامراتلىقنى،
باغرىڭدا يېڭى گۈلشەن تۇزمەكتىمىز بىز.
پارتىيە سېنىڭ شانلىق نۇرىڭدا
ھەتتاكى چوللەرمۇ بولماقتا بوستان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئالته يى① جۇڭگولۇق كۆرەشمەكتىمىز،
قوينۇڭدا ياۋ، شۇن②دەك بولۇپ قەھرىمان.
خىلمۇ-خىل زور ئاپەت، مۇشەققەتلەرنى
ئەڭ يۈكسەك جاسارەتتە يېڭىپ ئۆتتۇق بىز.
ئالەم تاڭ قالغۇدەك موجىزىلەرنى
ياراتماقتا ئەقىل ۋە ئىككى قولىمىز.
دەۋر دۇلدۇلىنى مىنىپ مەنزىلگە
مىسلىسىز سۈرئەتتە ئۇچماقتىمىز بىز.
پارتىيە ئەڭ دانا رەھبەردۇر، شۇڭا
ھەر ئىشتا غەلىبە قۇچماقتىمىز بىز.
ئېخ ۋەتەن!
شۇڭلاشقا "جۇڭگو" دىگەن نام،
تاپماقتا جاھاندا يۈكسەك شەرەپ-شان!
غەلبىمىز دوستلارنى قىلىپ بەك خوشال،
دۈشمەنلەر ئەلەمدىن يۈتۈشماقتا قان......
ئەي جۇڭگو!
ئەمگەكچان جۈپ قوللار بىلەن
باغرىڭنى قىلىمىز تېخىمۇ ئاۋات.
ھەقىقەت دۈشمىنى قاغا-قۇزغۇنلار
غەلبىمىز ئالدىدا دائىم بولار مات!

① ئالته يى — ئالته يۈز مىليون.
② ياۋ، شۇن — قەدىمقى زاماندىكى ئىككى دانىشمەن پادىشا.

چۇنكى سەن ئىنقىلاپ مەشئىلى بولۇپ،
شەرق ئاسمىنىدا ياندىڭ قۇياشتەك!
شۇنداق بىر ۋەتەنىڭ پەرزەندى تۇرۇپ،
نىمىشقا شاتلىنىپ كۈلمىسۇن يۈرەك!......
ئېخ جۇڭگو،
ئىقبالى پارلاق ۋەتىنىم،
ئوغلۇڭمەن قوينۇڭدا تۇغۇلۇپ ـ ئۆسكەن.
ياشايدۇ قەلبىمدە چىن مۇھەببىتىڭ،
شاتلىقىم، غۇرۇرۇم، كوز نۇرۇم ۋەتەن.
ياشلىقىم، ئومرۇمنى ئاتىدىم ساڭا،
بۇ مېنىڭ ھەقىقى شەرىپىم ـ بەختىم.
ۋەتىنىم، بىر ئومۇر قايناق زوق بىلەن
تەرىپىڭ، شەنىڭنى كۈيلەيدۇ قەلبىم.

1963 ـ يىل ئۈرۈمچى.

# قاينام ئوركىشى

ـ ئىنقىلاۋىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئەسلەپ.

زەپەردەست قەھرىمان، ئوتلۇق غەزەلخان،
ئەلنىڭ مەرت ئوغلانى قاينام ئوركىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شېرىيەت كوكىدە چاقنىغان چولپان،
ئەي ۋەتەن ئۇغلانى قاينام ئۇركىشى.

ۋەتەنگە چىن دىلدىن باغلاپ مۇھەببەت،
ساتقىن، ئاسىلارغا ئۇقۇپ زور نەپرەت.
ئەركىنلىك يولىدا كۈرەشتىڭ ئەبەت،
ئەي ۋەتەن ئۇغلانى قاينام ئۇركىشى.

ۋەتەن، خەلق دىلىڭغا بولغاچ هامان يار،
دېڭىزدەك ئىشقىڭنى قىلىپ چىن ئىزهار،
"جۇڭگو" دەپ يازدىڭ سەن يالقۇنلۇق ئەشئار،
ئەي ۋەتەن ئۇغلانى قاينام ئۇركىشى.

«يىللارغا جاۋاپ» هەم «خىيالچان تىلەك»،
شېرىيەت بېغىدا توزىماس گۈل - چىچەك.
بەھىر ئالار ئۇنىڭدىن مەڭگۈ هەر يۈرەك،
ئەي ۋەتەن ئۇغلانى قاينام ئۇركىشى.

ئىجاتتىن گۈزەل باغ - بوستان ياراتتىڭ،
ئەڭ ئىسىل شېرىي مارجان ياراتتىڭ،
تا ئەبەت ئۇلمەس چىن داستان ياراتتىڭ،
ئەي ۋەتەن ئۇغلانى قاينام ئۇركىشى.

ئىجادىڭ ئەل ئۈچۈن بىباھا گوھەر،
ئىجادىڭ ئۇسسۇغان دىللارغا كەۋسەر.
ئىجادىڭ بولدى ياۋ كوكسىگە خەنجەر،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئوركىشى.

ئاجايىپ قىسمەتلەر كەچۈرۈپ باشتىن،
زۇلمەتلىك زامانغا قارشى ئوت ئاچتىڭ.
دەريادەك دولقۇنلاپ قىرغاقتىن تاشتىڭ،
ئەي ئەلنىڭ ئوغلانى قاينام ئوركىشى.

ھەر جايدا ئەل بىلەن بولۇپ چىن سىرداش،
دەھشەتلىك قىيناشتا توكمەي تامچە ياش،
كۆرەشتىڭ ياۋ بىلەن ئەگمەي قىلچە باش
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئوركىشى.

ۋىجدانلىق، ئوت يۈرەك چىن ئىنسان ئىدىڭ،
مەردانە قەھرىمان، ئارسلان ئىدىڭ،
بۇلبۇلدىن خۇش ناۋا غەزەلخان ئىدىڭ،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئوركىشى.

بىر غۇنچە ئىدىڭ سەن، لەنىتى زامان
بەرگىڭدىن سۇندۇرۇپ ئەيلىدى خازان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ چاغ ئەل ماتەمدە چەكتى دەرت ـ پىغان،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئۇركىشى.

ۋە لېكىن ھەر شېرىنىڭ بولدى زور چىنار،
ھەق سوزدىن تىكلىندىڭ يىقىلماس مۇنار،
ياراتتىڭ بىر يېڭى شېرىي باھار،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئۇركىشى!......

مۇناسىپ جاي ئالدىڭ تارىخ بېتىدىن،
تارالدى ئېلىمگە نامىڭ، شەرىپىڭ،
تۈگىمەس قانچىلىك يازسام تەرىپىڭ،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئۇركىشى......

نامىڭنى ئۇچۇرمەك بولغان توت چايان،
پارتىيەم قايتىدىن بەردى شەرەپ ـ شان①،
سەن يەنە چاقنىدىڭ چولپاندەك ھامان،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئۇركىشى.

---

① بۇ يەردە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى 1979 ـ يىل 4 ـ ئايدا خەلق تىياترىدا بىر قىسىم پارتىيە، ھوكۇمەت رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە ئەدىبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى قاتناشقان داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تەرىپىدىن قارىلانغان ل .مۇتەللىپ قاتارلىق كىشىلەرنى ئاقلاپ، ئۇلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۇرگەنلىكى ھەققىدىكى قارارنى تەنتەنىلىك ھالدا ئېلان قىلغانلىغى كوزدە تۇتۇلدۇ.

ئىجادىڭ بىز ئۈچۈن شانلىق نەمۇنە،
سەن بار سەن ھەر جەڭدە، ھەر توي-مەركىدە،
ياشايسەن ئەل بىلەن تاكى مەڭگۈگە،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئوركىشى.

سەن تىيانشان دالاسىنىڭ قىزىل يۇلغۇنى،
سەن ئىلى، تارىمنىڭ جۇشقۇن دولقۇنى،
سەن مىليون يۈرەكنىڭ ئۇچمەس يالقۇنى،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئوركىشى.

**1979-يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئامىنە غاپپارىۋا

# قەلب كۈيۈم

شائىرە ئەمەسمەن،
ئەمما يېزىشقا—
يېزىشقا قىستايدۇ جۇش ئۇرۇپ قەلبىم.
نىمىچۈن تىزمىسۈن ئۇتلۇق مىسرالار،
شۇ قەلبىم ئىلكىدە تۇرسا قەلىمىم.
بىلىمەن، شائىرلىق كېلەتتى نەدىن،
ئۇ كېلەر چېلىشتىن، كۈرەشتىن پەقەت.
تۈگىمەس بولغى ئوتلۇق ناخشىنىڭ—
ۋەتەنگە، داھىغا قايناق مۇھەببەت.
ئەمەسمەن يېزىشقا پەقەت ھەۋەسكار،
شەيداسى!
باھارى كەتمەس گۈلشەننىڭ.
قەلەمدىن قۇيۇلغان ئاشۇ مىسرالار،

ئاشقنى ھىسسىياتكار، جۇشقۇن قەلبىمنىڭ.
1955 ـ يىل ئۈرۈمچى.

# بىيىجىڭ ئىشقى

ئەي بېيىجىڭ!
سېنىڭدىن ئاتقان تاڭ بىلەن،
ياشىندى، ياشاردى سۇلغۇن يۈرۈكۈم.
شۇ تاڭدىن چېچىلغان ئالتۇن نۇر بىلەن،
چاقنىدى شاتلىقتا مېنىڭ كۆزلىرىم.

*

ئەي بېيىجىڭ!
ھەر سەھەر قۇياش چىققان چاغ،
قارايتتىم، شەرققە سېغىنىپ سېنى.
ئۆتەتتىم ھەرقاچان باسالماي پەقەت،
قەلبىمنىڭ ۋەسلىڭگە تەلپۈنۈشىنى.

ئارزۇ قىلاتتىم مېھنەت تەرىمدىن،
يولۇڭغا پولاتتىن رېلىس ياتقۇزسام.
كۆرەشتە، ئەمگەكتە غەلىبە قۇچۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

مۇقەددەس باغرىڭغا توي تارتىپ بارسام.

بېيجىڭىم، سەن چىللاپ قوينۇڭغا مېنى،
مېھرىۋان ئانىدەك قولۇڭنى سوزدۇڭ.
شاتلىغىم پاتمىدى كوكسۇمگە شۇ چاغ،
تىلەككە، ئارمانغا مېنى يەتكۈزدۇڭ.

*

ئەي، بېيجىڭ!
بىلمەن ئۇلۇغلۇغۇڭنى،
ئېرىشتىڭ جاھاندا ئالقىش ـ ھورمەتكە.
سېنىڭدىن بېشىمغا چۈشمىسە ئاپتاپ،
كوك ئەمەس، يەرمۇ تار ئىدى ئەبەتكە.

پەخىرلىك كىشمەن جۇڭگو پۇقراسى،
ياشايمەن قۇياشلىق ۋەتەن قوينىدا.
كۈيلەيمەن بەختىمنى پۈتۈن جاھانغا
”بېيجىڭ!......
بېيجىڭ!“ دەپ ياڭراق ئاۋازدا.

1955 ـ يىل ئۈرۈمچى.

# بۇيلۇق سۈيى

بۇيلۇق سۈيى، بۇيلۇق سۈيى شوخ ئاقسەن،
بويلىرىڭغا لالە ـ رەيھان گۇل چاچسەن.
شاۋقۇنلىرىڭ خۇش يېقىملىق دىلنى تارتار،
تەشنا بولغان بوستانلارغا خوپ ياقسەن.

بۇيلۇق قىزى ـ يىگىتىنىڭ ئىشقى يېنىپ،
بويلىرىڭدىن باھار ھىدى يۇتۇشىدۇ.
سېنى باشلاپ ھەر يىل ئېچىپ بوز يەرلەرنى،
مول ھوسۇلدىن تەنگە سىغماي كۈلۈشىدۇ.

سۇلىرىڭدىن بەھرى قانسا، ئېتىزلىرىڭ —
مۇڭلىرى شەرۋەت بولۇپ تىل يارىدۇ.
سەن گۇل چەككەن يېشىل كىمخاپ كەڭ دىياردا،
كۆڭلى قىزى ـ يىگىتلىرى توي تارتىدۇ.

بۇيلۇق سۈيى، بۇيلۇق سۈيى ھامان سېنىڭ،
زوق قوزغىغان شاۋقۇنلىرىڭ قۇلۇغۇمدا.
ساڭا ئوخشاش ئۇنچىسىدىن شەرۋەت ياساپ،
شېرىم كۈيى مەڭگۇ ئاقسۇن تومۇرۇمدا.

1962 ـ يىل بۇيلۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

سۇلتان مەخمۇت

# گۈل

تاڭ قۇياشى قىپ ـ قىزىل نۇر چاچتى شادىمان بولدى گۈل،
بىخ سۈرۈپ ياشناپ، چىچەكلەپ زەپ باراقسان بولدى گۈل.

نەۋباھار، ئىللىق شامالدىن جۇت ـ زىمىستان قوغلىنىپ،
مىڭ تۈمەن يۇلتۇزغا ئوخشاش يەرۇ ـ ئاسمان بولدى گۈل.

لالىدەك كىمخاپ، تاۋاردىن ئۈستىگە تونلار كىيىپ،
ھور ۋەتەن ھوسنىگە تولدى، دەشت ـ باياۋان بولدى گۈل.

ئەجرىمىز، قان ـ تەرىمىزدىن شاخ ـ شېخىدا غۇنچىلاپ،
شۇنچە ئۈز، رەڭدار پورەكلەپ تىلدا داستان بولدى گۈل.

1978 ـ يىل ئىيۇن.

# چىنار

قەھرىتان كەلمەسكە كەتتى قاتمۇ ـ قات قار ـ مۇز ئېرىپ،
يەر ـ زىمىننى گۈل ـ چېچەككە پۈركىدى ئىللىق باھار.
نەۋ باھاردا تاڭ قۇياشى نۇرلىرىغا پۈركىنىپ،
كۆن چىقىشتا قەد كوتەردى مىسلى كوركەم بىر چىنار.

ھوسنى كوركەم بۇ چىنارنىڭ يىلتىزى مەزمۇت، تىرەن،
كوكتىكى سەييارىدىنمۇ زور ئۇنىڭ كۈچ، سالمىقى.
قار ـ شىۋىرغاندا چىنىققان گەۋدىسى ھېچ تەۋرىمەس،
گۈكرەپ سوقسا بوران، چاقسا پەلەكنىڭ چاقمىقى.

بىھساپ ئەجدات سۇغاردى ئۇنى ئۇز قان ـ تەرىدە،
ھەم بېغىشلاندى ئاڭا جۇشقۇن ھاياتى، بارلىقى.
بۇ گۈزەل چىنارنى قەتئى قوغدىماق جەڭلەر ئارا،
بىھساپ مەرت قەھرىمانغا بولدى ۋىجدان يارلىقى.

بۈك باراقسان، قەددى ـ قامەتلىك چىنار ـ جۇڭخۇا ئېلىم،
قان قېرىنداش بارچە مىللەت شۇ چىنارنىڭ ياپرىغى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غولىدىن مەڭگۈگە ئايرىلماس شېخى، ياپراقلىرى،
ھېچقاچان مۇمكىن ئەمەس ئايرىلسا روناق تاپمىغى.

بۇ چىنار غالىپ، دەخلىسىزدۇر، شۇڭا مۇمكىن ئەمەس
سۇندۇرۇپ بىر تال شېخىنى يات بىراۋنىڭ ئالمىغى.
كۈنسېرى ئۆسمەكتە ئۇ ياشناپ قۇياشنىڭ نۇرىدا،
تارىخىي چوڭ يۈزلىنىش — مەڭگۈگە گۈللەپ بارمىغى.
1978 ـ يىل ئاۋغۇست.

# بۇلبۇلنىڭ ناۋاسى

(مەسەل)

سۇرۇپ جۇتنى قىزىل بوران، قۇياش نۇرى چېچىلغاندا،
كۈلۈپ خۇش بۇي چېچىپ ئەترە، شەپەقرەڭ گۈل ئېچىلغاندا،
بولۇپ گۈللەرگە پەرۋانە، گۈلۈستان قوينىدا يايراپ،
غەزەللەر ئوقىدى بۇلبۇل خوشاللىق ئىلكىدە سايراپ.
ئۇنىڭ خۇش نەغمىسى قەندەك، خالايىق كۆڭلىگە ياقتى،
قالىغاچلار ئۇسۇل ئويناپ قىلىپ پەرۋاز قانات قاقتى.
چىدالماي شۇم ھۇقۇش شۇندا، يامان ئەلپاز بىلەن ھۆۋلاپ،
قانات سىلكىپ، سىلىپ تەھدىت، دىدى بۇلبۇلغا چالۋاقاپ:

— كوتەردىڭ كوپ مەھەل چۇقان، نىمىشقا قىلچە ھارمايسەن،
نىمىشقا مەن يامان كورگەن قۇياشنى شۇنچە ماختايسەن؟!
چاڭىلداپ سايرىشىڭ تىنسۇن، جىنىم جاق تويدىغۇ سەندىن،
كوزۇمدىن يۇتمىسەڭ دەرھال كورىسەن كورگۈلۈك مەندىن!
ھۇقۇشنىڭ چەكچىيىپ قىلغان پوپۇزا، دوقىغا باقماي،
جاۋاپ بەردى شۇ ئان بۇلبۇل غەزەپلەر قەلبىگە پاتماي:
— بىرىپ تاڭ جىلۋىسى ئىلھام، باھار پەيزىگە كۆي قاتتىم،
قىزىل گۈلگە بولۇپ مەپتۇن غەزەل ـ ناخشامنى ياڭراتتىم.
"يامان" دەپ سوككىلى تاڭنى سىنىڭدەك مەن ئەمەس
پەسكەش،
ئولۇپ كەتسەممۇ قىلمايمەن ئاۋازىمنى ساڭا تەڭكەش!
گۈزەل بوستان ئارا ئۇرغۇپ ھامان مەردانە سايرايمەن،
قۇياشقا تەلپۈنۈپ مەڭگۈ ئۇنىڭ نۇرىدا يايرايمەن.
غەزەل ـ ناخشىلىرىم بولسۇن ساڭا خەنجەر، ئېتىلغان ئوق،
ئوزەڭ دەشتكە راۋان ئەيلە، قىزىل گۈلشەندە ھەققىڭ يوق!
ھۇقۇش كەسكىن جاۋاپ ئاڭلاپ، زوۋۇاندا تۇتۇلۇپ قالدى،
بەئەينى ئوغا ئىچكەندەك ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى.
بۇزۇپ پەيلىنى شۇملۇقتا، جىنىنى ئۇ ئېلىپ قولغا،
سىلىشقا ئۇرۇنۇپ چاڭگال ئېتىلدى شۇندا بۇلبۇلغا.
چىچەن بۇلبۇل كىرىپ قەددىن چېلىشقا تېزلا راسلاندى،
كۈرەشنىڭ چاقمىغى چاقتى، چېلىش مەيداندا باشلاندى.
بۇنى كورۇپ جەسۇر لاچىن گويا ئوقتەك ئۇچۇپ كەلدى،

كوزىدىن ئۇت يېنىپ چوغدەك غەزەپكە لىق تولۇپ كەلدى.
ئۇرۇپ كوكسىدە شىددەتلىك ھۇقۇشنى ئەيلىدى تالقان،
چاۋاك چالدى چىمەن باغلار، كۆلۈپ كەتتى زىمىن ـ ئاسمان.
"ئورۇن يوق باغدا ھۇقۇشقا!" دىدى لاچىن جاكا قىلدى،
راسا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل گۈلۈستاندا ناۋا قىلدى.

**1977 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.**

تۇرسۇن مەھەممەت پەخىردىن

## بەختىم

شاتلىغىم، غۇرۇرۇم، شوھرىتىم جۇڭگو،
سەن مېنىڭ ئانامسەن، يۈرەك كۈيۈمسەن.
ھايات بەخش باغرىڭدا ئۇستۇردۇڭ مېنى،
سەن مېنىڭ بىپايان، نۇرلۇق ئۇيۇمسەن.

قەلبىمگە قۇيۇلدى مېھرى ــ شەپقىتىڭ،
ئىدرىكىم ئېچىلدى ئىشقىڭدا يېنىپ.
ئارزۇيۇم، ئارمىنىم مەڭگۈ گۈل ئاچار،
ئايرىلماي يۈرسەم مەن باغرىڭغا قېنىپ.

ئۇزەڭسەن مېھرىۋان، سۆيۈملۈك ئانام،
ئەركىمگە، بەختىمگە ئۇلۇغ باش پانا.
باغرىڭدىن ھاياتىنىڭ زوقىغا چومدۇم،
زەررىچە تۇپرىغىڭ ئالتۇن تاغ ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەلبىمىز نۇر ئەمگەن ئىسسىق قوينۇڭدا،
يالقۇنلۇق قۇياشنىڭ ھارارىتى بار.
ئاپ ـ ھاۋاڭ تېنىمىنىڭ مادارى، كۈچى،
قوينۇڭدا ياشايمەن خوشال، بەختىيار.

قۇدرىتىڭ، شەۋكىتىڭ، ھېكمىتىڭ بىلەن،
ماختىنىش دۇنيادا ماڭا شەرەپ ـ شان.
سەن ئۇلۇغ ۋەتەنىنىڭ ھەر نەپىسگە
سوقىدۇ تومۇرۇم جۇر بولۇپ ھامان.

بوينۇڭنى قۇچاغلاپ ۋەتىنىم مەڭگۈ
شەنىڭنى دۈشمەندىن ئاسرىماق ئەھدىم.
نەپىسىم پۈتكىچە سېنى قەدىرلەپ،
كۈيلىمەك، قوغدىماق شەرىپىم، بەختىم.

1962 ـ يىل فېۋرال.

## جۇ ئېنلەي زۇڭلىغا

جۇ ئېنلەي، سۆيۈملۈك خەلق پەرزەندى،
خىسلىتى بىباھا، ئەي ئۇلۇغ ئادەم.

سىز ياخشى زۇگلىنى يۈرەك قېتىدىن
ئەسلەيدۇ خەلقىمىز، ئەسلەيدۇ ئالەم.

سىز پۈتۈن زېھنىڭىز، ھاياتىڭىزنى
خەلققە ئاتىغان جەڭچى ئىدىڭىز.
يوقسۇللغا ئەرك ۋە بەخت يارىتىش
بولدى بىر ئۆمۈرلۈك ئارزۇ ـ ئەھدىڭىز.

مۇقەددەس توھپىڭىز، خۇش خۇي چېھرىڭىز،
كوزىمىز ئالدىدىن كەتمەيدۇ ھامان.
دەريالار مەۋج ئۇرار سىزنى ياد ئېتىپ،
تازىمدا سىز ئۈچۈن ئورمان، تاغ، داۋان......

كوزلەرگە تېخىمۇ ئىللىق كورۈنەر
قەدىرلىك شۇ ئەزىز تاغ، دەريا، كوللەر.
مۇبارەك كۆلىڭىز ئىزىدىن ئەنە
جۇش ئۇرۇپ ئۈنمەكتە قىپ ـ قىزىل گۇللەر.

شۇ گۇللەر بەرگىدە قان ـ تەرىڭىز بار،
خۇش پۇراق ھىدىدا ھايات بەخش كۈچ.
شۇ گۇلگە نۇسخداش بولدى دەۋرىمىز
ھەرقايسى سەپلەردە يېڭى يۇكسۇلۇش...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى

كوڭلىمىز كوكىدە چاقنار نامىڭىز،
ئەي بىزنىڭ سۆيۈملۈك ياخشى زۇڭلىمىز.
ئۈمىت ۋە ئارزۇڭىز ئىشقا ئاشماقتا
ئايلىنىپ قۇدرەتكە قايغۇ ـ مۇڭىمىز.

ئەجداتلار باشلىغان پارلاق يول بىلەن
باشلىدۇق يەنە بىر ئەڭ يېڭى سەپەر.
قەدىردان خۇاجۇشى سېپىمىزگە باش،
ئېلىمىز قۇچماقتا بەخت ـ شان، زەپەر.

ھەر كۈرەش ـ غەلىبىدە بىللە سىز زۇڭلى،
ئۇرلەيمىز سەپەردە تاغ ـ داۋان ئېشىپ.
ۋەتەننى قىپ ـ قىزىل گۈلگە پۈركەيمىز،
سىزنى بىز ئەبەدى چوڭقۇر ياد ئېتىپ.

1978 ـ يىل يانۋار.

**مەمتىلى زۇنۇن**

# كۇيلەيمەن چىلىپ دۇتتار

باھار نۇرى ئېچىلدۇردى گۈلى رەيھانۇ-رەنانى،
كۇيلەيمەن چېلىپ دۇتتار قۇياشىم داھى دانانى.

كېتىپ تەندىن مادار-دەرمان ساقال كوكسۇمگە چۇشكەندە،
كوزۇم كوردى سىنىگدەك بىر ۋاپادار-مېھرى دەريانى.

يۇرەك بولغان ئىدى زەرداپ يىشىم يەتمىشكە يەتكۇنچە،
ئىقىپ دەريادا تاھىردەك تاپالماي ۋەسلى زوھرانى.

مۇكچەيگەن ئىدىم تالدەك، ئۇمىت ئۇزگەن ئىدىم جاندىن،
ئوزەڭ بەردىڭ ھاياتىمغا ئۇلۇغ مەزمۇن ۋە مەنانى.

مەن تاپتىم قەدىر-قىممەت قىزىل جەننەتتە-گۈڭشىدە،
ياشاردى مىسلى گۈلشەندەك كوڭۇلنىڭ باغۇ-بوستانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

چېلىپ دۇتتار كېچە ـ كۈندۈز ياشا دەيمەن ئۇلۇغ ئۇستاز،
ياشا ـ ياشنا تۈمەن مىڭ يىل ئېلىمىنىڭ ئەي قەدىردانى.

1962 ـ يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

# قولۇمدا شۇ قىزىل مەشئەل

سۆيۈندى جان ئېلىپ لەززەت قۇياشلىق تاڭ ساباسىدىن،
ئازات يۇرتۇم باھارىنىڭ غۇبارسىز ـ ساپ ھاۋاسىدىن،
قىزىل ياقۇت گۈلى، ئالتۇن چېچەك، زۇمرەت گىياسىدىن،
تۇمۇچۇق نەغمىسى، كاككۇك كۈيى، بۇلبۇل ناۋاسىدىن.
سۈزۈك ئاسماننى ئوتقاچتەك قىزارتقان توغ جۇلاسىدىن،
پۈتۈن سەييارىنى قۇچقان قىزىل ۋېيىشىڭ ساداسىدىن؛
سۆيۈندى جان دىيارىنىڭ گۈزەل ھوسنى ـ سىماسىدىن،
سۆيۈملۈك داھى تەدبىرى ـ ئۇلۇغ غەلىبە ئاساسىدىن.

ھۇقۇشلار يايرىغان دەملەر يۈرەك زەپمۇ يارا بولغان،
«نۇتۇق»نى① جان تىكىپ قوغداش ئېغىر قىلمىش ـ گۇنا بولغان.

① ماۋجۇشىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سوھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى كوزدە تۇتۇلغان.

ىنجىسلار ئالدىدا لاله زەھەرلىك شۇمبۇيا بولغان،
تىكەن ـ ئازغان پۈراقلىق گۈل ـــ شىپالىق تۇتىيا بولغان.
قەپەز ـ ئىسكەنجىدە بۇلبۇل ـــ تۇمۇچۇق بىناۋا بولغان،
ھالال ئەمگەكچى باغۋەن دوت، قاراقچى ئەۋلىيا بولغان،
سىقىلغان جان، بوغۇلغان ئۈن ئۇنىڭ جەۋرى ـ جاپاسىدىن،
چـويۇن توقـماق، كىـشەن ـ سىرتـماق، سىـسىق قالـپاق ـ
كۇلاسىدىن.

سۈيۈمـلۈك پارتىيە قوغلاپ ـ سۈرۈپ ئاپەت ـ قارا جۇتنى،
راسا دەل پەيتىدە ياقتى جاھالەت كانىغا ئوتنى،
غەزەپ دەرياسىغا ئاتتى زىيانداش دىۋە ـ لاي بۇتنى،
ۋابا ـ ئاپەت ئىلاھىدىن ئازات ئەتتى ئانا يۇرتنى،
قىـزىتـتۇق بىز يېـڭـى جەڭـنى، كۆرەش ـ پـپـەن،
سوراق ـ سوتنى.
جەھەننەم قوينىغا ئاتتۇق زەھەر ـ ئوغا، تۇتەك ـ دۇتنى.
ئالالـماي بەھـرى لـىن ـ چـىنـىنىڭ قۇرۇق ئەپـسۇن
ـ دۇئاسىدىن،
نىسۋە يىدى توت مەلئۇن قىزىل تارىخ جازاسىدىن!

ئېچىلدى تەك كۆلۈپ ـ ياشناپ تۈمەن خىل گۈل بىلەن
سۇمبۇل،
كوتەردى ئەۋجىگە شاتلىق مۇقامىنى تۈمەن بۇلبۇل،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىزىدىن چاچرىتىپ ئۇچقۇن پەلەككە ئورلىدى دۇلدۇل،
ئېچىلدى ئاينى ئاسماندىن ئۈزۈشكە كەڭرى ئىمكان، يول،
جۇلالىق كەشتە ـ گۈل چەكتى گىياسىز چولگە ئىشچان قول،
قىزىپ كەتتى ئېچىلغان بوز ـ يېڭى بوستاندا ساز، مەرغۇل،
زەپەر ئەلنەغمىسى ياڭرار ۋەتەننىڭ تاغ ـ دالاسىدىن،
ۋەتەن ـ ئەل رازىدۇر غەمخور ئىجاتكار ـ باش پاناسىدىن.

ئىجاتكار مېھرىدىن كۈلدى مۇرادى ـ بەختى دولەتنىڭ،
چۈمۈلدى نۇرغا ئىقبالى قېرىنداش بارچە مىللەتنىڭ؛
كويۇپ ئورتەلدى مەنبەسى جاھالەت، پىتنە ـ توھمەتنىڭ،
ئېچىلدى غۇنچىسى پەننىڭ، ھۈنەر ـ تېخنىكا، سەنئەتنىڭ.
باھاسى ـ قىممىتى ئۈستى ئىجاتكار ئەجرى ـ مېھنەتنىڭ،
ماھارەت ـ ئىقتىدار، زېھنى پاراسەتنىڭ، شىجائەتنىڭ؛
سۈيۈندى جان قوماندانىڭ يېڭى پەرمان ـ جاكاسىدىن،
قىزىلنۇر مەڭگۈ ئۇچمەيدۇ بەختنىڭ زەر بىناسىدىن!

دىلىم يايرار ئازات جۇڭخۇا ـ ئېلىم گۈلزارىغا باقسام،
سەھەر ـ سۈبھى قۇياشدەك گۈزەل رۇخسارىغا باقسام.
ئىمە ئارمان ۋۇجۇدۇمنى ئۇنىڭ پاك باغرىغا ياقسام،
كۈرەش ـ جەڭ قويىندا دولقۇن يېرىپ مەغرۇر غۇلاچ ئاتسام.
دىلىم يايرار بولۇپ بۇلبۇل سۈزۈك كوكتە قانات قاقسام،
ۋەتەننىڭ شەنىگە ئۇتلۇق مۇھەببەتلىك قوشاق قاتسام.

يىراقمەن ئابروي ـ شوھرەت تەمەنناسى، تاماسىدىن،
دىلىمغا زەررە چاك قونماس تاپاۋەت مۇددىئاسىدىن!

قەدىردان داھى ماۋجۇشى ياراتقان ھور زامانىم بار،
چىۋەر خۇاجۇشى گۇللەتكەن قۇياشلىق نەۋ باھارىم بار،
قولۇمدا شۇ «نۇتۇق» ــ مەشئەل، قەلەم بار ـ زۇلپىقارىم بار،
ئىجاتكار ـ كۈيچىمەن، جۇشقۇن يۈرەكتە ئىپتىخارىم بار،
ئۇلۇغ، شانلىق سەپەردە باش قوماندان، رولچى داھىم بار،
ئاشۇ داھى ئۇچۇن جاننى پىدا قىلماق قارارىم بار.
ئېلىپ نۇر پارتىيىمىزنىڭ مېھىر ـ شەپقەت، ۋاپاسىدىن،
ئاشارمەن بۇ سەپەرنىڭ تىك داۋان، يۈكسەك قىياسىدىن!
1978 ـ يىل ماي، قەشقەر.

# ئارزۇمغا يەتتىم

(ناخشا تېكستى)

كىرپىگىمنى يىڭنە قىلىپ، دىل رىشتىمنى يىپ،
دوپپا تىكتىم ئىشقى ـ مېھرىم، زېھنىمنى بېرىپ.

بادام گۈلى ـ بەختى كۈلگەن تىيانشان ئۇنىڭ،
كېزەك گۈلى ـ دولقۇنلىغان زەرەپشان ئۇنىڭ.

ئون ئۈچ مىللەت دوستلۇغىغا قىلىپ سىمۋول،
چەكتىم يەنە يىلتىزى بىر ئون ئۈچ غۇنچە ـ گۈل.

تاڭ پەيزىدە جەۋلان قىلىپ بېيجىڭغا كەتتىم،
شۇ دوپپىنى داھى كىيدى، ئارزۇمغا يەتتىم.

داھى يولداش مېھرى ياغدى دىلغا ـ يۈرەككە،
خوشلۇغۇمنى ياگرىتاي مەن ئاسمان پەلەككە.

1978 ـ يىل نويابىر، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېزىز نىيازى

# بىلە كىتىن يۇرەككە......

— بىر يىگىتنىڭ يانچۇق دەپتىرىدىن.

ئۇستەگىدىمەن، بەيگىدىمەن،
پۇتۇن كۈچ بىلەن،
چاپماقتىمەن جوتۇرۇمنى، تالىماس بىلىگىم.
چاپماقتىمەن جوتۇرۇمنى مەرتلەر بىلەن تەڭ،
شۇ بەيگىدە ئۇزۇپ چىقىش مېنىڭ تىلىگىم.

بىراق، شۇ چاغ چاچراپ چىققان تاشنىڭ پارچىسى،
بىلىگىمنى تىلىپ ئۇتتى (تەگدى چىشىمغا).
قەيەردىندۇر مۇرىسىگە پوپكا ئاسقان قىز —
سانىتاركا پەيدا بولدى شۇ ئان قېشىمغا.

لەۋلىرىدىن غۇنچە ئېچىپ، دىلدىن كويۇنۇپ،
تاڭدى ئىسسىق مېھرى بىلەن قوشۇپ دورىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىرايىڭغا ھوسۇن قوشقان مەڭزىڭدىكى خال،
چېكىپ ئۆتتى يۈرىكىمنىڭ ئوتلۇق تارىنى.

كېسەللەرنى داۋالىسام سەپتىن قالدۇرماي،
مېنىڭ ئۈچۈن پۈتمەس شاتلىق-پاراغەت دېدى،
ئىمتىھاندىن ئۆتكىنىمدىن خوشاللىنىپ
كەچلىك ئويۇندا شۇ چاغدا ئىسمىنى ئۇنىڭ
سوراپ قالدىم،
كۈلۈمسىرەپ: — شاراپەت، دېدى.

كېلىپ تۇرار شۇندىن بېرى شۇ قىز يېنىمغا —
يوقلاپ تۇرار بىلىكىمنى قايتىدىن تېڭىپ.
ھەر كۈنلۈكى سوراپ تۇرار يارام توغرىلىق
يالقۇن چۈشكەن يۈرىكىمگە يەنە ئوت سېلىپ.

بەيگىدىمۇ ئۈزۈپ چىقتىم بولۇپ بىر كاراپ،
يارام ئىزى ئاللىقاچان ساقايدى-پۈتتى.
شۇ قىز يەنە سورىسىدى،
بېرەلمىدىم جاۋاپ:
ئەمدى يارا بىلىكىمدىن يۈرەككە ئۆتتى.

1962-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

# ماۋجۇشى نىجات يۇلتۇزىمىز

(ناخشا تېكىستى)

قۇل ئىدۇق، گۇل قىلدى بىزنى بەختىيار بۇ دەۋرىمىز،
چىقمىغاي ئەسلا كوڭۇلدىن تۇندە چەككەن دەردىمىز.

شۇ رەزىل دەۋراندا ئاقىقان ياش بىلەن تارىم تولۇپ،
قايغۇ ـ ھەسرەت دىلنى چىرماپ، پارە بولغان قەلبىمىز.

قانچە خامان چەشنى راسلاپ پارچە نانغا زار ئىدۇق،
قانخۇمار زالىمغا كەتكەن بارچە دۇنيا ـ ئەجرىمىز.

چۇشمىگەن باش ئۇستىمىزدىن لەنىتى شۇم قامچىلار،
سەل بولۇپ تاشقان دېڭىزدەك قەلبىمىزدىن قەھرىمىز.

*　　*　　*

كۇن چىقىشتىن نۇرلىدى كۇن، ئاتتى تاڭ ئەل بەختىگە،
"بارچە مىللەت چالدى ساز، يۇيتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە".

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كوتىرىپ ماۋجۇشى يۇكسەك ئىنقىلاپنىڭ تۇغىنى،
باشلىدى بىزنى داۋاملىق ئالغا پارلاق غەلىبىگە.

ئۇجمىزار بولماقتا تارىم ئات سېلىپ ماڭغاچقا بىز،
ماۋجۇشى لۇشيەنى كورسەتكەن نىشانغا ـ پەللىگە.

ئەي ئۇلۇغ ماۋجۇشى داهى جانىجان ئۇستازىمىز،
سىز بىر قۇياش مەڭگۇ ئۇچمەس خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە.

1972 ـ يىل فېۋرال، ئۇرۇمچى.

مىرزايىت كەرىمى

# جەڭچىمەن

ــ جەڭچى بولساڭ قورالىڭ قېنى،
ياكى سەندە يوققۇ ئارغىماق؟
جەڭچى دېيىشكە بولمايدۇ سېنى
لايىق ئەمەس ساڭا بۇ ئاتاق.

ــ ئۇخشىمىغاچ كىيگەن كىيىمىم،
يا شەپكەممۇ كورۇنگەچ باشقا؛
بولمىغاچقا ئۇق ۋە ناگىنىم،
بولمامدىكەن جەڭچى ئاتاشقا؟

ياق، بۇلار ھېچ ئاساس بولالماس،
مەن جەڭچىمەن، قورالىممۇ بار.
چېگرىدا، پوستتا تۇرمىغان بىلەن
ئەمما ھەر دەم ھەر ئىشقا تەييار.

ئۇچالايمەن لاچىندەك چاققان،
سۇدا ئۈزۈپ بولىمەن ماتروس.
ئۇچقۇر" خىيال" ئېتىم بار باقان،
تالماس قانات ھەر دەم ماڭا دوست.

ئوتكۇر-ياڭراق مىسرالىرىم بار،
ياش ئاققۇزار نامەرت كوزىدىن.
ئۇ-ئوق، نەيزە بەتلەنگەن تەييار.
ئوچۇرەر ھاياتنى دۇشمەن يۈزىدىن.

كوماندىمىز ئالغا!-ئەلگە تەن.
ۋەھشىلەرنى قىلىدۇ ۋەيران.
ئوقىمىزدىن ھىلىگەر دۇشمەن
ساقلالىسۇن قانداق قىلىپ جان؟!

مەن كۈيلىسەم ئەل باھارىنى،
سۈيۈنەر دىل، سۈيۈنەر كوڭۇل.
چەكسەم بەخت سازى تارىنى،
نەپىسىمگە قوشۇلار بۇلبۇل.

مانا شۇنداق جەڭچىمەن، دوستلار،
مېنى سۈيەر ۋەتەن قۇياشى.

بۇلبۇلۇم دەپ مېنى ئالقىشلار
تاڭ قىزلىرى، كوڭلۇم سىردىشى.

مەن جەڭچىمەن، جەڭچىمەن مانا،
چىن يولەكچىم ئانامدۇر ۋەتەن.
گاڭ قورالىم — قەلەم قولۇمدا،
ئىجاتچىمەن، باتۇر جەڭچىمەن.
1957 ـ يىل ئىيۇن.

# باھار ناخشىسى

جان ۋەتەن، كەلدى باھار كوكسۇڭنى نۇرغا تولدۇرۇپ،
گۇل ـ چىچەك چاچتى پۇراق شاخىدا بۇلبۇل قوندۇرۇپ.

ئۇيقۇدىن ئويغاندى چەكسىز تاغ ـ دالا، ئورمانلىرىڭ،
خوپ ئىسىل بوزغۇن ياساپ ئاقتى ئېقىنلار جۇش ئۇرۇپ.

تۇرخۇنى ئاسمان ـ پەلەك زاۋۇتلىرىڭ چالدى گۇدۇك،
چاقنىتىپ چولپاننى ھەم خورازنى تاڭدا ئويغۇتۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈكىرەپ چىقتى ئېتىزغا دان چېچىپ تۆمۈر ئۆكۈز،
يەلپىنىپ كۆتەردى باش كۆك مايسىلار شامال ئۇرۇپ.

قىلدى كۆكلەم ئاسمىنىنىڭ قەرىدە پەرۋاز بۈگۈن
دەۋرىنىڭ تۇلپارى ھاڭدىن كەڭرى يولغا بۇرۇلۇپ.

تاي بىلەن كىشنەپ ئېتىڭ، مەرەپ قوييۇڭ پاخلان بىلەن،
چىقتى كۆك يايلاققا سەكرەپ ئوتلىرىڭغا بوي سوزۇپ.

تۇرنا، غازلار سەپ بولۇپ، چەمبەر ياساپ يايدى قانات،
كەلدى مەخمەل قۇچىغىڭغا خۇش ھاۋا كۆكنى قۇچۇپ.

كەلدى ھەم كاككۇك، تومۇچۇق ئىشتىياق تارتىپ ساڭا،
بىر پەسىل سەندىن جۇدا بولغاچ چىدالماي ئاھ ئۇرۇپ.

يەلپۈنۈپ شىلدىرلىشىپ ئىغاڭشىدى داۋۇ ـ دەرەخ،
بارچە قۇشلار سايرىدى شات، مەدھىيە ـ ئالقىش ئوقۇپ.

مەن نىچۈن كۈيلەپ سېنى ئۇچماي كۆڭۈلدە گۈل پۇراپ،
مىڭ تىلىم بولسا كېلەر ئاز يۈكسىلىشكە ئۈن قوشۇپ.

1979 ـ يىل ماي.

سادىق سادىرى

# كۈيلەيمەن سىنى

مەنبەسىز سۇ بولماس، يىلتىزسىز دەرەخ،
ئۇچالماس قۇشلارمۇ بولمىسا قانات.
جانىجان پارتىيە بولمىغان بولساڭ،
يوق ئىدى مەن ئۈچۈن بۇ گۈزەل ھايات.

ئۇلۇغۋار، شەرەپلىك، توغرا پارتىيەم،
نۇرۇڭدا ئۆسمەن، ئالغا ئورلەيمەن.
سەن بەرگەن بۇ ئوتكۈر قەلىمىم بىلەن
ھارماستىن مەڭگۈگە سىنى كۈيلەيمەن.

كىم ئىدىم، كىم بولدۇم بۈگۈنكى كۈندە؟
سوزۇمنى ئوتمۇشتىن باشلىشىم لازىم.
ئەسلىسەم ئوتمۇشنى، ئۇ قارا تۈنگە
نەپرەتتە ياڭرايدۇ ئوتلۇق ئاۋازىم.

بىر گادايي ئوغلىدىم ئۇ جەھەننەمدە،
زۇلۇمدا ــ زەنجىردە قولى باغلانغان.
تومۇزدا كەپىدە، قىشتا گەمىدە،
ۋەھشىلەر ئىلكىدە قەلبى داغلانغان.

كوز ئېچىپ جاھانغا، كوردۇم نامراتلىق،
ئاڭلىدىم بايلاردىن ئاھانەت ــ دەشنەم.
بايلارنىڭ ئىكەن يەر، ھوقۇق ۋە بايلىق،
قۇل ئىكەن بايلارغا ئاتا ۋە ئانام.

يازدىمۇ، قىشتىمۇ بىز يالاڭئاياق،
ھايۋاندەك خارلىنىپ ئىشلىدۇق بايغا.
ئاشلىقنى بىز تېرىپ، قالدۇق ئاچ قوساق،
سۇ بولۇپ تېرىمىز ئاقاتتى سايغا.

ئاھ، ئاتام ئوكوزدەك قوشقا قېتىلغان!
ئاھ، ئۇنىڭ جەسىدى چولدىن تېپىلغان!
ئاھ، ئۇكام ئامالسىز بايغا سېتىلغان!
ئاھ، ئانام تونۇردا ــ ئوتتا بەردى جان!

بەخت نىمە، راھەتچۇ، بىلمەيتتىم ئۇنى،
شاتلىنىپ كۇلمىگەچ بالىلىغىمدا.

يەنچىلىپ يوقسۇللۇق ئىچرە ھەر كۈنى،
ئايلىنىپ قالغانتىم بىر ئاجىز قۇلغا.

ئېيتقانىغا تۇگىمەس ئوتمۇش ئازاۋى،
ئېيتقانىغا تۈگىمەس چەككەن جاپانى.
قەلبىمدە زۇلمەتلىك ئوتمۇش زامانى
قوزغاتقان نەپرەتنىڭ يوقتۇر بايانى......

سوززۇمنى باشلىسام شەرەپلىك تاڭدىن،
پارتىيەم، مەن سېنى كۈيلىشىم لازىم.
كۈيۈمنى باشلىسام ئازات زاماندىن،
پارتىيەم شەنىگە ياڭرايدۇ سازىم.

پارلىدىڭ قۇياش بوپ زۇلمەت كېچىدە،
يەتكۈزدۇڭ بەختكە مەندەك يېتىمنى.
چاچتىڭسەن ئوچمەس نۇر بۇ كەڭ ئېلىمگە،
نۇر بىلەن يورۇتتۇڭ سولغان دىلىمنى.

سەن ئۆزەڭ دەۋرىمىنىڭ گاڭ ئىرادىسى،
سەن ئۆزەڭ قۇدرىتى ھور زامانىمىنىڭ.
بەردىڭسەن قولۇمغا ھوقۇق ـ ئەركىمنى،
بولدۇڭ ئىجاتچىسى گۈل ھاياتىمىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن بولغاچ تۈگىدى ئەلدە زاۋاللىق،
سەن بولغاچ ۋەتەندە ئاتتى قىزىل تاڭ.
سەن بولغاچ تۈگىدى ئاچلىق، ۋەيرانلىق،
سەن بولغاچ خەلقىمدە ئۆستى يېڭى ئاڭ.

سەن بولغاچ باشپانا، بۈيۈك تايانچىم،
مەن ئەمدى ئەمەسمەن ھېچكىمنىڭ قۇلى.
كۆڭلۈم توق، قايغۇم يوق، نۇرلۇق قۇياشىم،
بولدۇم مەن گۈلباغنىڭ ئازات بۇلبۇلى.

كۆز ئاچتىم جاھانغا سېنىڭ نۇرۇڭدا،
بۇ يېڭى ھاياتنى بەردىڭسەن ماڭا.
ئىشلەيمەن جان پىدا قىلىپ يولۇڭدا،
جېنىمنى ـ ئۆمرۈمنى ئاتىدىم ساڭا!

سەن ئۆزەڭ ئاغدۇرۇپ ئۈچ قارا تاغنى،
پاجىەلىك زۇلمەتتىن مېنى قۇتقۇزغان.
يارىتىپ بۇ گۈزەل بەختىيار چاغنى،
قولۇمغا ئۆپرىماس قەلەم تۇتقۇزغان.

شەپقەتچىم، قۇياشىم، ئۇلۇغ پارتىيەم،
كۆرسەتتىڭ سەن ماڭا كۆرەش يولىنى.

سەپەردە ئۇگەن دەپ كويۇنۇپ هەر دەم.
بەردىڭسەن قولۇمغا ماركس تومىنى.

هاياتىم، بەختىمسەن، شانلىق پارتىيەم،
مەن ساڭا ئەگىشىپ، ئالغا ئورلەيمەن!
سەن بەرگەن بۇ ئوتكۇر قەلىمىم بىلەن
هارماستىن مەڭگۇگە سىنى كۇيلەيمەن!

1959 ـ يىل ئىيۇل.

# جەڭچىنىڭ خېتى

گۇزەل يارىم، ئالدىم خېتىڭنى،
يېڭى يىلنىڭ هارپا ئاخشىمى.
هاياجانغا تولۇپ يۇرىگىم،
جاراڭلاتتىم خوشال ناخشىنى.
گۇل سىزىپسەن خەت ئەتراپىغا،
ئىزهار قىلىپ چىن قەلبىڭنى سەن.
پۇرىدىم شۇ يېقىملىق خەتتىن
ئىشق گۇلىنىڭ ئەترىنى مەن.
قىزىل گۇلدەك كوركەم ۋە خۇش بۇي،

ئېچىلىپسەن گۈلشى بېغىدا.
پەن ـ بىلىمگە بولۇپسەن تەشنا،
پەرۋاز قىلىپ ئۈمىت تېغىدا.
"ئۇنتۇدۇڭمۇ؟" دەپسەن خېتىڭدە،
تەنە قىلىپ ماڭا بۇ يولى.
ۋاقىت بىزگە ئالتۇندىن قىممەت،
بىكار ئەمەس يارىڭنىڭ قولى.
ئۇنتۇمۇدۇم، بولسامۇ جىددى،
سالام يازدىم يارىم سەن ئۈچۈن.
سۈرىتىڭگە قارىدىم بەزەن،
بۇلبۇل گۈلگە بولغاندەك مەپتۇن.
ئۈچقىنىدا باھار قالغىچى،
ئەسلىدىم يار، قارا قېشىڭنى.
سېغىندىم دەپ مۆڭلانما ھەرگىز،
جۇدالىقتا توكمە يېشىڭنى.
تولۇن ئاينى كورگەن چېغىمدا،
ئەسلىدىم مەن نۇرلۇق يۈزۈڭنى.
كورگىنىمدە چولپان يۇلتۇزنى،
ئەسلىدىم مەن خۇمار كوزۈڭنى.
ئاڭلىغاندا بۇلبۇل ئۈنىنى،
ئەسلىدىم مەن شىرىن سوزۈڭنى.
بۇ نەقەدەر خوشاللىق ماڭا



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

بېغىشلىساڭ ئەلگە ئۇزۇڭنى.
چېگرىدىكى ھەر گىيا ـ كوكات،
ئەسلىتىدۇ گۈزىلىم سېنى.
ئاڭلىغانسەن، ئەگىيدۇ قۇشتەك
يۈرەك ناخشام ـ غەزىلىم سېنى.
ئىشقىڭ دىلدا، مەڭگۈ ئويغاقمەن،
سادىقمەن ھور ئېلىم ـ يۇرتۇمغا.
سېنىڭ ئۈچۈن ئۇچۇردۇم كوككە
قانات بېرىپ خىيال قۇشۇمغا.
بىر كۈندەكلا ئوتكۈزدۈم مانا،
ئۈچيۈز ئاتمىش كۈننى ــ بىر يىلنى.
تۇرغىنىمدا سوغاقتا پوستا،
ئوچمەس ئوتۇڭ ئىسسىتتى دىلنى.
پەرزەندى بىز مۇشۇ ۋەتەننىڭ،
ئۇنى قوغداش ھەممىدىن ئەلا.
زور ئۈمىتتە ئوستۇردى بىزنى
ئانا ۋەتەن ــ شۇ ئۇلۇغ جۇڭخۇا.
ۋەتەن ئۈچۈن، يارىم سەن ئۈچۈن،
تۇرماقتىمەن چېگرىدا ھوشيار.
ۋەتەن ـ خەلقنى قوغدىماق بەختىم،
بىلسەڭغۇ ئەي ئەزىز دىلدار.
بىز قوغدىغاچ، شۇڭا تېچ ـ ئامان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەخلىسىز بۇ مۇقەددەس گۈلشەن.
بىز قوغدايمىز ئۇنى جان تىكىپ،
يېڭىلىدۇ ۋەھشى ياۋ ـ دۈشمەن!
جەڭ بولغاندا ناۋادا ئەگەر،
باتۇرلارچە ئۆلسەم ئۇنتۇما.
بېغىمىزغا ئىككىمىز تەرگەن
گۈلىمىزنى ھەرگىز قۇرۇتما.
مانا بۈگۈن چېگرىدا بايرام،
ناخشا ئېيتتۇق شاتلىققا تولۇپ.
تەبرىكلىدۇق يېڭى باھارنى،
ئارمىيە ـ خەلق بىر گەۋدە بولۇپ.
ھەر ئىككىمىز ئۆز ئورنىمىزدا،
كەمەرنى چىڭ باغلايلى بەلگە.
دىلدىن سۆيۈپ پولات قورغاننى،
يېڭى توھپە قوشايلى ئەلگە.

1979 ـ يىل يانۋار.

## مەجنۇنتال تېگى

تۇردۇم بۈگۈن، شۇ تال تېگىدە
ئوغلۇم بىلەن بىر دەم سايىداپ.

گۈزەل ياشلىق چۈشۈپ ئېسىمگە،
تۇرالمىدىم يۈرىكىم ئويناپ.

ئويلاپ كەتتىم: ئۆتكەن مىنۇتلار
ئېسىمدە بار، ئېسىمدە تېخى.
ئېسىمدە ئۇ تىلسىز گۇۋاھلار،
ئېسىمدە شۇ مەجنۇنتال تېگى.

. . . . . . . . . . . . .
ئويگە كەلدىم، خوشاللىغىمدىن
سۆزلەپ كەتتىڭ بىلگەندەك سىرنى:
"بەك شاتقۇ سەن، سۆزلە شاتلىغىڭ؟"
خوپ يېقىملىق كۈلدۈڭغۇ بىرنى.

. . . . . . . . . . . . .
كەتتى ئوغلۇم گۈلباغچىسىغا،
ئويۇنچۇقنى ئويناپ قولىدا.
بىز مېھرىۋان ئاتا ۋە ئانا
خوشال قاراپ قالدۇق يولىغا.

سۆز باشلىدىم: دىلدا كۆپ شاتلىق،
ئېسىڭدىمۇ مەجنۇنتال تېگى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېسىڭدىمۇ گۈلباھار ياشلىق،
چىقمىغاندۇ ئېسىڭدىن تېخى؟

ئەسكە سالدىم: سۈپ ـ سۈزۈك ئايدىڭ،
نۇر توكەتتى كوكتە تولۇن ئاي.
سۇ ئاقاتتى شاقىراپ سايدىن،
ئولتۇراتتۇق شۇنچە خوش چىراي.

ئىشقىمىزدىن كوڭلى تولغاندەك،
تال شېخىدا سايرايتتى بۇلبۇل.
مېھرىمىزگە ئەسىر بولغاندەك،
سالقىن شامال ئوينايتتى ئۇسۇل.

ئېسىڭدىمۇ قەلبىڭ سوزلىرى:
"باھار نۇرى يايراتتى بىزنى."
جاۋاپ قاتقان كوڭلۇم كوزلىرى:
"زىمىستانغا پۇكمىدۇق تىزنى."

دىگەن ئىدىڭ ناخشاڭنى ئۇقۇپ:
"بۇ نە قەدەر بەختىيار زامان؟"
دىگەن ئىدىم مەن شېئىر توقۇپ:
"بەختىيارمىز مەڭگۈگە ھامان!"

ئېسىڭدىمۇ، ئېسىمدە تېخى،
سىرىن گۈلى كۆلگەن گۈزەل باغ.
ئېسىڭدىمۇ شۇ ۋىسال چېغى،
يوق ئىدى ھە دىلدا قىلچە داغ؟

تەكرارلىدىم: دىلدا كوپ شاتلىق،
ئېسىڭدىمۇ مەجنۇنتال تېگى؟
داۋام قىلدىڭ: ئاھ گۈزەل ياشلىق......
ئېسىمدە بار، ئېسىمدە تېخى!

1964 ـ يىل ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇربان بارات

# كەچكۈز لىرىكىسى

سۈيۈملۈك يۇرتىمىزغا كەچكۈز كەپتۇ،
شۈدىگەر ئېتىزلاردا ياتار داڭگال.
پايانسىز ئېكىنزارلار يىشىنىپتۇ،
ياپ ـ يېشىل چاپىنىنى سالغان جاڭگال.

دەرەخلەر كىيىنىشكەن ئالتۇن لىباس،
كېپىنەك ئېتىلمايدۇ يۇراقلارغا.
قالىغاچ پىشايۋانغا ئۇۋگا سالماس،
تۇرنىلار ئۇچۇپ كېتەر يىراقلارغا.

ئىغاڭلاپ سوغ شامالدا مەجنۇن تاللار،
يوپۇرماق تاشلىشىدۇ بۇلاقلارغا.
ئانىلار ئەللەي ئېيتىپ كېچىلەردە،
يېڭىدىن پوسما تىكەر بوۋاقلارغا.

كوچىدا تۇرۇپ قالدىم يارىم بىلەن،
بىر نەپەس يەلكىسىگە تىرەپ يەلكە.
ئۇنىڭ شوخ كوزلىرىدەك ياندى چولپان،
گۈزەل تاڭ سۇبھىسىدىن بېرىپ بەلگە.

* * *

خەير! دەپ يارىم كەتتى پاختىزارغا،
ئاداققى غوزىلارنى ئاتقۇزغىلى. —
مەن ماڭدىم كەتمىنىمنى ئويناقلىتىپ،
دالاغا سۇ قويۇپ
 توك ياتقۇزغىلى.

ئېخ ھايات!
 ھاياتىمىز قانداق گۈزەل،
كەچكۈز ھەم ئەمگەك زوقى ئېتەر بەخش.
قىش يېقىن......
 بۈگۈن — ئەتە سوغاق چۈشەر،
دەرىزە ئەينىگىگە ئويۇپ نەقش.

1961 — يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىلى دەرياسى

چىرايلىق ساھىللار ياڭزا ـ ياڭزا گۈل،
قىپ ـ قىزىل چوغلۇقلار، لەيلى قازاقلار.
ۋادىلار قىپ ـ قىزىل توقايلار قىزىل،
ئالمىلىق باغلاردۇر ئۇزاق ـ ئۇزاقلار.....
قۇياش شۇڭغۇماقتا، ئۇپۇق قىزارغان،
سۇدا ئەكس ئېتەر شەپەق يالقۇنى.
يىراق ـ يېقىنلاردا ياڭرار ناخشىلار،
يۇزۇمگە ئۇرۇلىدۇ دەريا سالقىنى.
يىلقىلار كىشنەيدۇ، پادىلار قايتقان،
كېمە ئالدىرايدۇ قارشى قىرغاققا.
بۇلبۇل ئاۋازلىرى، مېھنەت شاۋقۇنى،
جاراڭلاپ كېلىدۇ باقساڭ قاياققا.
لىۋىمدە كۈلكىدۇر
ــ زامان ئوغلىنىڭ
مەمنۇن تەبەسسۇمى، مەغرۇر كۈلكىسى.
قانچىلىك ياشارغان بۇ ئۇلۇغ دەريا،
قانچىلىك ياشنىغان ئالما ئولكىسى.....

ئۇتكەننى ئەسلىدىم:
يامراپ كەلدى ياش،
ئېغىر قارا يىللار چۈشتى يادىمغا.
مۇڭلۇق خاتىرىلەر يۈزىنى ئاچتى،
ھەسرەتلىك بىر ھايات كەلدى ئالدىمغا.....
.....ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى،
ئاڭلانماس ئەمدى
دىخان قىزلىرىنىڭ مۇڭلۇق قوشىغى.
ئۇڭكۈرلەر ئىچىدە قالدۇرمايدۇ كۆل،
قاچقۇن ئاشىقلارنىڭ غېرىپ ئۇچىغى.
كوز ياشلار سېلىدە تاشمايدۇ دەريا،
قان بىلەن تولمايدۇ ئالتۇن پىيالە.
ۋادىلار قىپ-قىزىل، توقايلار قىزىل،
قۇربانلار قېنىدىن ئۈنۈپتۇ لالە.
شاقىراپ ئاقىدۇ ئىلى دەرياسى،
ياڭراق ئەكس سادا بېرەر تاغۇ-تاش.
دەريا بويلىرىدا ئايلىنىپ تەنھا،
شېرىي تۇيغۇلارغا بولىمەن يولداش.

1962-يىل ئاۋغۇست، تېكەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يېشىل ھايات

كۆمۈشتەك يالترايدۇ قارلىق تاغلار،
يېشىللىق دۇنياسىدۇر ئېتەكلىرى.
ئېدىرلار نار تۆگىنىڭ ئورکىشىدەك.....
باغرىدا يەلپۈنىدۇ چېچەكلىرى.
قاپتال ۋە جىرالىرى يېشىل جاڭگال،
قارىغايلار ساما بىلەن بوي تالاشقان.
ئېدىرلار ئارىلىغى قويۇق چاتقال،
ياپ-يېشىل توقايلىقلار قۇچاقلاشقان.
تاغ سۈيى ئېقىپ ئۆتۈپ توقايلىقتىن،
تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلىدۇ، شاقىرايدۇ.
بىپايان يىراقلىقلار يېشىل يايلاق،
كوزۇڭنى قاماشتۇرۇپ پاقىرايدۇ.
قاياقتا كوز تاشلىساڭ يېشىل ھايات،
يېشىلدەك كورۇنىدۇ بار كائىنات.

شىشىدەك سۈزۈك ئاسمان، تىنىق ئاسمان،
ئاۋۇلنىڭ ئويلىرىدىن چىقار تۈتۈن.
تام ئويلەر، كىگىز ئويلەر سان-سانافسىز،

ئارىلاش ئورۇنلاشقان ئۆلار پۈتۈن.
ئاتلىرى چۇشەلگەندۇر ئوي ئالدىدا،
سىيىرلار ئۇزاپ كەتكەن توقايلارغا.
توخۇلار قاقاخلايدۇ، ئىتلار ھاۋشار،
بالىلار مىنىپ يۈرەر موزايلارغا.
مومايلار ئىشلەپ يۈرەر كوكاتلىقتا،
بوۋىيى كارتوچكىلار تېرىپ بەرگەن.
كېلىنچەك سوزۇپ-سوزۇپ ئولەن ئېيتار،
بوۋىغى ئانىسغا كۆلۈپ بەرگەن.
قاياققا كوز تاشلىساڭ گۈزەل ھايات،
گۈزەلدەك تۈيۈلىدۇ بار كائىنات.

ئومىنىڭ ناخشىسىدىن يايراپ كېتەر،
دانغا باي، مۇنبەت تۇپراق-ئىسىل تاغلار.
ئۈيۈرلۈك بىيىلەرنىڭ مەنزىلگاھى،
سۈت-قىمىزى دەريا-دەريا يېشىل تاغلار.
ئۈن يەتمەس ئىگىزلىكتە ئۇچار بۈركۈت،
كەڭ يايلاق ئاسمىنىدا قانات قاققان.
ئاقرىپ كورۇنگىنى قوي پادىسى،
چوپانى ئات ئۈستىدە كۆلۈپ باققان.
ئايغىرلار چاڭ چىقرىپ چېپىپ ئوتەر،
ئويلايسەن مەردۇ-مەردان جەڭدە گويا.
ئوتلاقتا ئۇنچە-ئۇنچە چوپ ياتىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاراللار تولۇپ كەتكەن يېشىل دۇنيا.
قاياققا كوز تاشلىساڭ يېشىل ھايات،
يېشىلدەك كورۇنىدۇ بار كائىنات.

يەر بىلەن خەيرلىشىپ كۈن پاتىدۇ،
ئۇپۇقلار قىزىرىدۇ يالقۇن بولۇپ.
سۇيۇملۇك كىشىلەرگە ئاچار قۇچاق،
ئاۋۇللار، دەريا بويى سالقىن بولۇپ.
تىنچىماس ئانا ئاۋۇل، ئويغاق دەريا،
سىر ئېلىپ ئاشقلارنىڭ كۇلۇشىدىن.
تىنچىماس ئاي پارلىغان گۈزەل دەريا،
جىر-جىرلاپ، گارمۇن تارتىپ يۇرۇشىدىن.
كېچىكىپ قالغانمىكىن شوپۇر يىگىت،
نەدىدۇ تىراكتورى تاتىلدايدۇ.
كۇلۇپتا قويۇلماقتا يېڭى فىلىم،
ئاپپارات رىتىم بىلەن تاقىلدايدۇ.
تىڭشىساڭ قەدىردان يەر نەپىسىنى،
دىلىڭنى چۇلغىۋالار خوشال سېزىم.
مېھماندوست چەكسىز يايلاق-يېشىل يايلاق،
شۇنچەكەڭ، شۇنچە يېشىل، شۇنچە نەزىم.
قاياققا نەزەر سالساڭ گۈزەل ھايات،
گۈزەلدەك تۇيۇلىدۇ بار كائىنات.

1962-يىل ئاۋغۇست، تېكەس يايلىغى.

بوغدا ئابدۇللا

# تەسىرات

— ماۋجۇشىنىڭ يولداش چېن يىغا شېئىرىيەت
توغرىسىدا يازغان خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن.

1

قاش تېشىغا ئىشلەنسە نەقىش
يىللار ئۆتۈپ ئاخىرى ئۆچەر.
بىراق، ئوبراز چاقنىغان شېئىر
يۈرەكلەردىن يۈرەككە كوچەر.

2

ھەسەل يىغار ھەرە توختىماي
قونۇپ تۈمەن چېچەككە ـ گۈلگە.
تەم بېرىشتە مىسراغا شېئىردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى كۇتۇپخانىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

شۇ روھ ماڭا قىممەتلىك ئۈلگە.

3

مەنبەسىز سۇ بولغان قاچاندىن،
شېھىر چىقماس شۇڭا توت تامدىن.
ئوبراز ئىزلە تۇرمۇش ــ ئوكياندىن،
جان كىرگۈسى شېھىرغا ئاندىن.

78 ــ يىل فېۋرال.

## ئەيىپ ئەتمەڭلار......

ياش تالاشسا ئەيىپ ئەتمەڭلار،
ياشلىق دىگەن ئۆمۈر يۈرۈگى.
غەيرىتى بار سانايدۇ يۇلتۇز،
گورگە كېرەك ئادەم ئۆلۈگى.

قەدىناسلار چاخچاق ئۈستىدە
ياش تالاشتى ــ ياشلىق تالاشتى.
ئۈزۈپ بولماس ياشلىقتىن ئۈمىت،
لېكىن كىملەر نىمە ئويلاشتى؟!

ئەل ئازادە، كوڭۇل ئازادە،
شاتلىق بىلەن ياشاردى بۇ جان.
توي كەينىگە ئۇلاندى مەشرەپ،
قىزىل گۈلگە ئوخشار ھەر مېھمان.

كۈمۈش چاچلىق مويسىپىت ئۇلار،
دىلى ئوچۇق، ھۈنەرلىك قولى.
ئايىغىدا كورســەن جەننەت،
ئەل سۈيگەچكە ئوچۇقتۇر يولى.

ياش قېرىتماس كىشىنى ھەرگىز،
ھاپاش بولار ئوزگىگە ھورۇن.
ھەزەر ئەيلە ئولەرمەنلەردىن،
ئولگەن تۇرسا ئولۇشتىن بۇرۇن.

سۇ ئاقاركەن، ئومۇر ئوتەركەن
دات يولاتماس لېكىن كەشپىيات.
بولسا سەندە يىگىتلىك جىگەر،
يىللار دۇلدۇل، ئېغىر يۈكنى ئارت.

مەرت يىگىتكە ياغدۇ ئالقىش،
نامەرتلەرنى كومىدۇ قاغىش.

چوغ يۈرەكلەر ئىسسىتار ئەلنى،
باغرى مۇزدا بولماس ئىنتىلىش.

هايات هوسنى دىلبەرنىڭ نازى،
ياشىغانچە گۈزەل تۇيغۇلار.
ئىجات بىلەن گۈل قىسمىغۇنچە،
يۈز قىزىرىپ، ئادەم ئۇيۇلار.

ئىنتىلىدۇ باهارغا تۇرنا،
ئىنتىلىدۇ ياشلىققا يۈرەك.
كىمكى يۈرسە ئاخىرغىچە تىك،
ئاشۇ بەخت بىلەن قوشكېزەك!

1979 ـ يىل ئاپرېل.

ئابلىمىت سادىق

# تۇرنىلار ئۇتكەندە......

تۇرنىلار ئۇچۇشقاندا يېزا بويلاپ،
گۇدەكلەر"باھار" دىدى، بوك ئېتىشتى.
قىزلار مۇرەك تۇزىشىپ، ياسىنىشىپ،
يىگىتلەر يۇرىكىگە ئوت يېقىشتى.
كۇۋەجەپ، ئوركەشلىنىپ ئېرىق-ئوستەك
كوكلەمنىڭ نەغمىسىگە ئۇن قېتىشتى.
ئۇپۇقتا تۇتاش كەتكەن ئېتىز-قىرلار
ياپ-يېشىل مايسىلاردىن تون كىيىشتى.
خەۋەر قىپ تەملىك مىۋە، مول ھوسۇلدىن،
چىچەكلەپ باغ-ۋارانلار رەك ئېلىشتى.
قىرلار بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي
باھارنىڭ خوي-پەيلىگە زەك سېلىشتى.
"ياق، خەۋەر بېرىپ تۇرار مۇشۇ ئايلار

ئاجايىپ سېخى كۆزدىن» دەپ ئېيتىشتى.
«تولمسا ساڭلىرىمىز ئالتۇن دانىغا.
ئەل ـ يۇرتنىڭ ئالدىدىمۇ سەت» دىيىشتى.
گوياكى ئاق ياغلىقتا گۈل چەككەندەك،
گۈلباھار ياڭزا ـ ياڭزا كەشتە سالدى.
تۇرنىلار پەرۋاز قىلىپ ئورلىۋىدى،
گۈدەكلەر قول سىلكىشىپ پەستە قالدى.

1962 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## قۇتلۇق كۈن

سۇمرۇغ كەبى چەكسىز سامادا
قانات يېيىپ، ئۇچۇپ ھاۋادا،
مەن ئولكەمنى چىقتىم ئايلىنىپ،
كوردۇم يۇرتۇم نەغمە ـ ناۋادا.

تاڭدا ئۇچۇپ شاماللار لەرزان،
گۈل ھىدىنى تارقىتار ھەر يان.
بەئەينى بىر زۇمرەت پىيالە
بۇ پايانسىز، سۈپ ـ سۈزۈك ئاسمان.

توكتى قۇياش ئۇللىق نۇرىنى،
نۇر ئەمەسكى، ئالتۇن شولىنى.
سەپتى جامغا تولدۇرۇپ پەۋەس
زىمىن ئۈزرە گۈلگۈن مېيىنى.

ئاشۇ مەيدىن ئىچىپ تەبىەت
رەڭ تۈزەپتۇ چىرايلىق ھەجەپ.
قايناماقتا بايرام ئەۋجىدە
يۇرتىمىزدا بۈگۈن ھەر تەرەپ.

ئۆتكۈنۈمدە تىيانشان ئۈستىدىن
شاتلىقىنى كوردۇم ھوسنىدىن.
سانسىز بۇلاق بولۇپ ئالقىشى
ئۇرغىماقتا شۇ دەم كوكسىدىن.

شۇنچە قىزىق ئۇنىڭ بەزمىسى،
شۇنچە گۈزەل نەغمە ـ نەزمىسى.
ساتارىنىڭ تارى دەريالار،
ھەر بىر چوققا كۈمۈش پەردىسى.

كەڭ باغرىدا ئالتۇن تاڭ بىلەن
ئېچىلىپتۇ گۈللەر رەڭمۇ ـ رەڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ گۈللەردىن داھى يولىغا
راسلىنىپتۇ پاياندازـگىلەم.

دەستەـدەستە گۈللەر ئۈنتەكتە،
ئانار، بېھى سۆۋەتـسۆۋەتتە.
ناغرا، سۇناي، راۋاپ ساداسى
ياڭرىماقتا تەرەپـتەرەپتە.

ھەر كىشىنىڭ چەكسىز خوشلىغى،
تار كېلىدۇ ئالەم بوشلىغى.
ھەتتا بوۋاي، مومايلارنىڭمۇ
كەپتۇ يەنە قايتىپ ياشلىغى.

بوۋاقلارغا بۈگۈن ھەر ئانا
قويىدى ئىسىم: قۇتلۇق، مەرھابا.
سەبىلەرگە يېڭى بەختىتىن
خەۋەر بېرەر بۇندا ھەر سادا

باقتىم چەكسىز ئېتىزلارغا مەن،
ئاق ئالتۇنلۇق دېڭىزلارغا مەن.
ئۈز ئەجرىدىن سوغا راسلىغان
قىران يىگىت، شوخ قىزلارغا مەن.

خامانـلارغا دانـلار كوچۇپتۇ،
دانلار ئەمەس، تاغلار كوچۇپتۇ.
ئىز تەگمىگەن چولـلەر ئورنىغا
گۈل ـ گۈلۈستان باغلار كوچۇپتۇ.

پەرۋاز قىلدىم ئالتاي تېغىغا،
كەزدىم يېشىل يايلاقلار ئارا،
مىڭلاپ ئاقىن داستان ئوقىسا،
جۆر بولۇپـتۇ تۈمەن دومبىرا.

ساي ـ سالادا چوپاننىڭ نېيى
كۆي توقۇيدۇ يېڭىدىن ـ يېڭى،
بارمۇ شۇنداق ئىسىل كۈيۈڭلار،
ئەي بۇلبۇللار، ئېيتىڭـلار قېنى!؟

باقتىم ئاشۇ قەدىم جۇڭغارغا،
جەڭ قىزىتقان مىڭلاپ شۇڭقارغا،
ئاقار نېفىت دەريا مىسالى،
يارىشىپتۇ تۇغلار مۇنارغا.

* * *

شاتلىق تولغان ھەركىم كوڭلىگە،
بارچە چىراي ھەمرا كۈلكىگە.

چۈنكى دانا داھى خۇاجۇشى
قەدەم باستى چېگرا ئۈلكىگە.

ئۇ قۇتقۇزغان بىزنى ئاپەتتىن،
"توت زىياندىاش" — توت قاباھەتتىن،
كالتەك - تاياق، بەتنام، قالپاقلار
ۋەھىمە سالغان ئېغىر ھالەتتىن.

بەختىمىزنى تاپتۇق يەنە بىز،
تۇلپار بولۇپ چاپتۇق يەنە بىز،
ئىشەنچ بىلەن ئوتلۇق كۆرەشكە
ئۆزىمىزنى ئاتتۇق يەنە بىز.

باشلايدۇ ئۇ بىزنى غەلىبىگە،
ھەر غەلىبىدە يېڭى پەللىگە،
شۇ يولباشچى كەلسە يۇرتىغا
خۇشلۇق تولماس كىمنىڭ قەلبىگە.

داھىمىزنىڭ قۇتلۇق قەدىمى —
يۇرتىمىزنىڭ پۈتمەس بەركىتى،
ئەۋلادلاردىن - ئەۋلادلارغىچە
ھەر مىللەتنىڭ شانۇ - شەۋكىتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مۇقەددەس، تەڭدىشى يوق كۈن،
تاڭدا كۆلگەن ھەممىمىز ئۈچۈن.
كەلدى داھى — كەلدى قۇدرەت، كۈچ،
ئاشتى ئەلنىڭ غەيرىتى بۈگۈن.

خاسىيەتلىك بولدى يىلىمىز،
بۇ يىلنى ئەڭ قۇتلۇق بىلىمىز.
داھى بەرگەن ھەر بىر پەرماننى
ئورۇنلاشقا مەھكەم بېلىمىز.

بېشىم يەتتى ئاسمان پەلەككە،
ئىپتىخارلىق تولدى يۈرەككە.
مەن ئايلاندىم بەختىيار يۈرتنى،
بۇ بەخت يار بىزگە ئەبەتكە.

1978 - يىل سېنتەبىر.

# ئون توققۇز ياشلىق يىگىتكە

يارىڭ بىلەن يېرىم تۈنگىچە،
شېرىن سوھبەت قىلىشتىڭ ئۇزاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوشلىششقا يەتتى ۋاقتمۇ،
سوز جىق ئىدى دىلىڭدا بىراق.

نىمىندۇ كۈتكەندەك ئۇ قىز،
— خەير، — دىدى ساڭا تىكىلىپ.
بىر دەقىقە ھودۇقتۇڭ، كېيىن —
ئالدىڭ ئۇنى باغرىڭغا بېسىپ.

ئامرىغىڭنىڭ ئۇماق لىۋىگە،
لەۋلىرىڭنى قويدۇڭ ياش يىگىت.
ھوزۇرلاندىڭ گويا شېخىدىن
شاپتۇلىنى يىگەندەك ئېگىپ.....

*

يوقلاپ ئوتتى ئېسىمنى شۇ چاغ،
تالاي يىللار ئىلگىرىكى ھايات.
ئون توققۇز ياش قانچە يىگىتلەر،
كۈرەشلەردە بولغانتى ھالاك.

كوردى ئۇلار قايناق جەڭلەرنى،
كورمىدى تىنىچ مۇنداق تۈنلەرنى.
پۇراپ ئوتتى پۇرۇخ ھىدىنى،
پۇرالمىدى خۇش بۇي گۈللەرنى.

ئون تۇققۇز ياش ئاشۇ يىگىتلەر
توككەن ئۇچۇن ئىسسىق قېنىنى.
ئون تۇققۇز ياش چېغىڭدا يىگىت
سۈرمەكتىسەن ھايات زوقىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلما ئادرېسى

مەھەممەت شاۋۇدۇن

# پويىزدا

پويىز كېلەر ئۇزۇن سەپەردىن
ئانا يەرنى بېغىرلاپ ئۇچۇپ.
ئۇچقان قۇشلار قالار يىراقتا
ئۇنىڭ بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ.

ئەنە، نۇرغۇن قالدىغاچ ھېرىپ
سىم تاناپتا ۋىچىرلاپ قالدى.
يېتىشەلمەي ئۇچقۇر شاماللار
ئارمان بىلەن پىچىرلاپ قالدى.

توۋلاپ ئالغا ئېتىلغان شىردەك
كېلەر ئاشۇ سارايىلىق كارۋان.
ئۇپۇق بويلاپ تارىلار كوككە
پۇرقىغاندا ئاغزىدىن تۇمان.

ئېلىپ كېلەر چېگرا يۇرتقا ئۇ
بىزنى گويا قىلىپ قاناتلىق.
بىلىنمەيدۇ ئۇزۇن مۇساپە،
بۇنداق سەپەر نەقەدەر تاتلىق!

ۋاگون ئىچى كوكۇلۇك ساراي،
كەيپى خوشال ھەر يولۇچىنىڭ.
ئەكس ئېتەر سوھبەتلىرىدە
ئوزگىرىشى ئەل - يۇرت ئىچىنىڭ.

بىرسى ئالسا بېيجىڭنى تىلغا،
نەچچە ئېغىز قوشۇلىدۇ تەڭ.
پايتەختنىڭ يېڭى سۇرىتى
ئالدىمىزدا ئېچىلىدۇ كەڭ.

تاڭشەن ھەققىدە سوزلىسە بىرى،
بولار بىر دەم جياڭشىنىڭ سوزى.
بەس - بەس بىلەن قىلار ھىكايە
ھەركىم ھەر ياندا كورگەننى كوزى.

زوقلانغىدەك ياخشى پاراڭلار
ئورلىتىدۇ ۋاگون كەيپىنى.

بارغانسېرى ئېچىلىپ ھەركىم
كورسەتكۈسى كەلدى پەيزىنى.

بۇندا بىر توپ، ئۇ ياندا بىر توپ،
پاراققىدە كۈلۈشەر بەزەن.
قېتىلغاندەك ئارىغا ھىسام①
قىزىق ـ قىزىق چاقچىقى بىلەن.

ئەنە بىرسى ئېيتسا لەتىپە،
يۇمۇلىنار كۈلۈپ نەچچىسى.
ئەكس ئېتەر بىر دەمدە گويا
بۇندا قىزىق مەشرەپ كېچىسى......

بەزىلىرى ئىشتىياق بىلەن
جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلار ھىكايە.
باتۇر يىللار سەرگۈزەشتىسى
خاتىرىسىگە سالىدۇ سايە.

دەرىزىدىن كورۇنگىنىدەك
كەڭ ۋادىلار، دەريا، تاغ ـ ئېدىر،

① ھىسام ــ غۇلجىدىكى چاقچاقچى ھىسام.

بىسپ ئۇتكەن ئۇزۇن مۇساپە
كوز ئالدىدىن ئوتىدۇ بىر ـ بىر.

سەپەرداشلار روھلىنىپ شۇنچە
يېڭى جەڭدىن ئاچار سەھىپە.
ئايان بولار ئورتاق ئىرادە،
جەڭدە ئالغان ئىغىر ۋەزىپە......

ئەنە بىرسى قاراپ رۇجەكتىن
سەيلە قىلار گۇللۇك ۋادىنى.
تەلپۇنىدۇ يىراق ـ يىراققا
نىمە كىزەر ئىسى ـ يادىنى؟

ئۇ شاگىخەيلىك قاۋۇل بىر يىگىت
داشۇيىنىڭ يېڭى ئۇچۇرما قۇشى،
ھىسسياتى، ھەركىتىدىن ئۇ
كورۇنىدۇ گويا ئۇچقۇچى.

دەيدۇ، ــ قاچان بارىمىز دوستۇم
نىمشقا تىز ماڭمايدۇ پويىز؟!
ئارىلىقنى سورايدۇ پات ـ پات
كەلسە جاي ئىپ كۇتكۇچى ئەزىز.

نىمىشقا شۇنچە ئالدىرايدۇ ئۇ؟
يە كۈتەمدۇ ئۇندا ئاشىغى؟
ئايان بولدى ئېيتقاندا كوڭلى
«شىنجياڭ ياخشى» دېگەن ناخشىنى.

كېلەر تارىم تۇپرىقىغا ئۇ
بىر گۈل بولۇپ ھوسۇن قاتقىلى.
كېلەر يېڭى ئۈزۈن سەپەردە
ئىچ ئات بولۇپ ھارۋا تارتقىلى.

بىز كېلىمىز سىردىشىپ قىزغىن
خۇددى شىرىن مەينى تەڭ ئوتلاپ.
ئۇ چاي تۇتتى، مەن تۇتتۇم شاراپ
يېڭى سەپداش، يۇرتداشنى قۇتلاپ.

كەڭ پىشانە، ئايدىڭۋاش بىراۋ
(ئالىم مىكىن ياكى ئىنژېنىر)
ئولتۇرىدۇ مىقتەك قادىلىپ،
كىتاپ كورۇپ يۇرگۈزۈپ پىكىر.

ئارىلاشمايدۇ كۈلكە ـ چاخچاقا،
ئۇ شۇ قەدەر تەمكىن، خاتىرجەم؛

گاھ ئاغزىغا چىشلىنىپ قالار
قولىدىكى قېرىنداش - قەلەم.

يېنىدا بىر كىچىك خەرىتە،
تەكلىماكان كوزىدە ئۇنىڭ.
ئىمىنىدۇ سىزىدۇ ئاڭا
كۆلكە ئويىنار يۈزىدە ئۇنىڭ.

ئىملەرنى ئويلايدىكىن ئۇ،
گاھ كوزلىرى تىكىلەر يىراق.
يېپىلمايدۇ كىتاۋى ئۇنىڭ
ئۇچمىگىچە ئاخشىمى چىراق.

قىزىق، بىردىن ياڭراپ دومبۇرا،
يېنىمىزدىن ئاڭلاندى ئولەڭ.
قازاق ئەمەس قارىسام ئەنچى
ئەمما تىلىدا قىلچە يوق ئېۋەن.

ئاڭلانغاندەك بولدى ئاشۇ دەم
ماڭا تونۇش يايلاقنىڭ كۈيى.
شاۋقۇنلىدى ئالدىمدا گويا
ئېرتىشنىڭ دولقۇنلۇق سۈيى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتراپىغا ئۇلاشتى بىر توپ،
شۇنچە قىزىق سوھبەتتىن كېچىپ.
بېيجىڭدىن قايتقان بىر قازاق ئاقىن
قاراپ قالدى ئاغزىنى ئېچىپ.

دېدى ئاقىن پىچىرلاپ ماڭا:
— يارايدىكەن بۇ ئارتىس يىگىت.
كىچىكىدىن يايلاقتا ئۆسۈپ
چوڭ بولغانغۇ دەيمەن ئەن ئېيتىپ.

مېنىڭدىمۇ ئاشۇ ھىسسىيات،
مەن ئاتىدىم ئۇنى كۆيچى دەپ.
تونۇشتۇردى يىگىت ئۆزىنى
مەن يايلاقتا ئاددى قويچى، دەپ.

ئەسلىدە ئۇ گەنسۇلۇق ياشكەن،
ماكانلاشقان يايلاققا كېلىپ.
ئۆتكۈزۈپتۇ ئۇن نەچچە يىلنى
قوي بېقىشنى ئۆز كەسپى قىلىپ.

بال ھەرىگە كەم بولماس شىرنە
مەيلى باغدىن ۋە ياكى تاغدىن.

توپلاپتۇ ئۇ نۇرغۇن شىرنىنى
قوي بېقىشقا كىرىشكەن چاغدىن.

ئەلگە ھەسەل تېپىپتۇ ئۇ
ئەجرە قىلىپ يىققان شىرنىدىن.
ئۇچ يىل بۇرۇن كەپتۇ بېيجىڭغا
ئەتقىقاتچى بوپ ئۇتۇپ پىرمىدىن.

قايتىپتۇ ئۇ قانات چىقىرىپ
تەلەپ قىلىپ يايلاقىقا بۇگۇن.
تاڭشۇرۇلغان بىر تۇلپار بولۇپ
يېڭى سەپەر بەيگىسى ئۇچۇن.

قىزىپ تۇرار تۇۋۇنغى ئۇنىڭ،
يايلاقنى ئۇ سېغىنغان قانچە؟!
ئۇتكىنىدە پويىز يۇرتىدىن
شۇڭا پەرۋا قىلمىدى ئانچە.

خىيالىمدا ئاق خالات بىلەن
كورۇنەر ئۇ قوينىڭ قېشىدا.
گاھ يايلاقتا يېڭى نەسلىلىك
ئات چاپتۇرغان بەيگە بېشىدا......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالقىن شامال ئۇرۇلدى بىردىن،
مەن قارىدىم دەرىزە ياققا.
لەتىپە ئېيتقان خۇش چاخچاق جەڭچى
ئولتۇراتتى قاراپ يىراقـقا.

جىمىپ قالدى نىچۇك ئەمدى ئۇ؟
نىچۇك تويماي قارايدۇ ئۇزاق.
مەن قارىدىم بويىنۇمنى سوزۇپ
كورۇندى ئۇ تونۇش ئېگىز تاغ.

كەلدى شۇدەم ئېسىمـگە بىردىن
كېچە ئۇنىڭ ئېيتـقان بىر سوزى:
مەن چېگرىدا گۈزەت قىلىمەن
بولۇپ ئېگىز تاغـلارنىڭ كوزى!

تۇگمىسىنى يېشىۋەتتى ئۇ،
مەيدىسىنى تۇتۇپ شامالغا.
كەلگىنىدەك تۇغۇلـغان يېرى
دۇڭخەيدىكى يېرىم ئارالغا.

ھاياجانـدا پاتتىم خىيالغا
قالغانسېرى مەنزىل يېقىنـلاپ.

— كەلدۇق، — دېدى ھېلىقى جەڭچى
بىر چاغ مېنى ئاستا بېقىنلاپ.

يېنىمدىكى شاڭخەيلىك يىگىت
پاتماي قالدى شۇ دەم قىنىغا.
گۇر قىلىشىپ ئۇلاشتى ھەممە
ئالدىدىكى رۇجەك يېنىغا.

تېچ، ئىناقلىق ھاۋاسى قويۇق،
ئىگىز تاغلار ساڭا ئەسسالام!
تولغان دوستلۇق يىمىشلىرىگە
چەكسىز باغلار ساڭا ئەسسالام.

1979 ـ يىل ئاپرېل ـ ئىيۇل. بېيجىڭ — ئۈرۈمچى.

# كوچىگار يىگىت

بۇ تومۇريول ئۇزۇن ئاجايىپ
ئۇزۇنلىدۇ لېكىن ئايىغى.
ئۇچار دائىم بۇ يولدا پويىز
توختىمايدۇ زادى ئايىغى.

ئىچى ئۇنىڭ كارۋان سارىيى،
يولۇچىلار ئۈزۈلمەس ئۇندىن.
يۈك توشۇسا يۈز توگە يۈكى
كەم بولمايدۇ ھەر بىر ۋاگۇندىن.

ئۇچۇپ ئوتەر شەپەق ئاستىدىن،
نەچچە تاغنى يولدا ئاتقۇزۇپ.
كىرىپ كېتەر كەچكى ئۇيقۇغا
ئاينى چىللاپ، كۈننى پاتقۇزۇپ.

يۇسا يامغۇر دەرىزىسىنى،
ئۇرۇلىدۇ قار ئۇچقۇنلىرى.
تىرىق-تىرىق چېكەر بوراندا
ساي-چوللەرنىڭ شېغىل-قۇملىرى.

تارالغاندا تومۇز ئاپتىۋى
قىزىپ كېتەر پويىزنىڭ ئىچى.
كەلتۈرىدۇ تاڭ شامىلىنى
ھەركەتلىنىپ توك يەلپۈگۈچى.

بىلىنمەيدۇ بۇغا تىنجىقى،
ئوتكىنىدە چاڭجياڭ بويىدىن.

ئۇلتۇرىدۇ قىشتا يولۇچى
هوزۇرلىنىپ پەرقسىز ئۆيىدىن.

ئىشلەر تىنماي كوچىگار يىگىت
پاراۋۇزدا ـ ئوچاق يېنىدا.
مىڭ گىرادۇس ئىسسىقلىق ئۇنىڭ
ئەكس ئېتەر پۈتۈن تېنىدە.

يۈرىگىگە رىتىم كەلتۇرۇپ
كومۇر تاشلار ئاشۇ ئوچاققا.
تەر تامچىغان ماڭلىيى ئۇنىڭ
ئوخشار گويا مارجان بۇلاققا.

ئوت گۈرۈلدەر، پويىز گۈكرەر
هەر بىر گۈرجەك قوشقان قۇۋۋەتتىن.
سۆيۈندۇ ئۇنىڭدىن كوڭلى
بەھرىمەندەك بارچە راھەتتىن.

ئېسى ـ يادى ئوچاقتا شۇڭا
قىلچە چارچاش سەزمەس يول بويى.
يەتسە پويىز مەنزىلگە چاپسان
گويا ئۇنىڭ بولىدۇ تويى.

تىنماي ئۇچقان پويىزغا باقسام
كورۇنىدۇ ھامان شۇ يىگىت.
شۇنچە قەيسەر، چارچىماس قىلدى
ئۇنى قانداق ئىرادە، ئۇمىت؟!

قۇلىقىمدا بىر كوچىگارنىڭ
بىر چاغ ماڭا ئېيتقان بىر سوزى:
”مەن خوش تىنماي تاشلىسام كومۇر
ئۇچسا ئىلدام دەۋرىم پازاۋۇزى!“
1979 ـ يىل ماي ـ ئىيۇل، ئۇرۇمچى.

# بىلەت

ئۇچىرەتتە كۇتتۇم بىر ھازا،
بۇگۇن يەنە تەگمىدى بىلەت.
بىلەتچىمۇ قىزىق يىگىتكەن
تۇرمايدىغان لەۋزىدە پەقەت.

جىلى بولسام بىلەت ئالالماي،
ھەر قېتىم ئۇ: ”ئەتە كەل“ دەيدۇ.

تولا قاتناپ، ئوچرەتتە تۇرۇپ
ئاۋارىمەن، بىلەت تەگمەيدۇ.

يالۋۇرۇپمۇ ئېيتتىم نەچچە رەت،
مەن ئۈنىڭدىن بىر بىلەت تىلەپ.
—ئەتە، جەزمەن، —دىدى تۈنۈگۈن،
بۈگۈن كەلسەم يەنە ئاشۇ گەپ.

سەۋرى تۈگەپ، جۇدۇنۇم ئورلەپ
باسالمىدىم ئەمدى ئوزەمنى.
زەردە بىلەن ئېيتتىم ئۇنىڭغا
نەچچە دىمەي كەتكەن سوزۇمنى:

—نەچچە كېلىپ قايتتىم نائۇمت،
راست گېپىڭنى بىلمىدىم يىگىت.
تۈتىياكەن بىلىتىڭ سېنىڭ،
بىكار كەتكەن ۋاقتىمغا ئىست.

دىدى يىگىت كۈلۈپ، چىرايلىق:
—مەنمۇ خىجىل، رەنجىمەڭ ئانچە.
كۈندە ساتقان بىلەت ئاز ئەمەس،
يېتىشمىسە ئامالىم قانچە.

www.uyghurkitap.com

چىقماي تۇرۇپ گېزىتكە ئېلان
تېزىملاتقان نەچچە مىڭ كىشى.
كۈندە نۇرغۇن ئالاقە كېلىپ،
تولدى مانا تاتمىنىڭ ئىچى.

كورسەتتى تۇ بىر توپ قەغەزنى
ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ.
— كۈندە بېشىم تىنچىماس مېنىڭ،
كېتەي دىدىم بۇ ئىشتىن تويۇپ.

بۇنى ئاز دەپ تۇرپان، پىچاندىن
يېغىپ كەتتى خەتلەر ئۇستىلەپ.
قويغانسېرى ئويۇنى، ئادەم
كوپەيمەكتە بۇندا ھەسسىلەپ.

نىمە دەيمەن ئۇنىڭغا ئەمدى،
مەن ئامالسىز ياندىم ئارقىغا.
قىستىلىشىپ يەنە كوپ ئادەم
تەلپۈنەتتى ئۇنىڭ ئالدىغا.

بىر چاغلاردا ئولتۇراتتى ئۇ
ئەسنەپ ئاشۇ پەنجىر قېشىدا.

مىڭلاپ ئادەم پەرۋانە بوپتۇ
بۈگۈن ھەر بىر بېلەت بېشىدا.

نىمىشقا بۇ ئويۇنغا شۇنچە
كېتىدۇ خەق ئۆزىـــنى ئۇرۇپ؟
كورگەنـلىرى ئېيتقۇسىز خوشال،
ئەمما يەنە قانىمىغان كورۇپ.

كېتىۋېتىپ ئويلىدىم شۇنى،
قاچان كورۇپ قانىمىز ئۇنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئابدۇرۇسۇل ئۇمەر

## سايرامنى كورۇپ......

مانا،
گۇزەل سايرام —
ئاسمانغا تۇتاشقان كوك دېڭىز
چايقالماقتا
سۇيۇپ يېشىل قىرغاقلارنى.
ئۇ شاھىدى تارىخنىڭ،
ئۇ ئاڭلىغان
ئەلى سۇرگۇنلىرىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىنى،
ئۇنىڭ دولقۇنلىرىدا
ئەكس ئېتىدۇ ئەجداتلار جاسارىتى،
ئۇ مۇدھىش زامانلاردىمۇ
كوكۇل سەھراسىغا كوچەتلەر تىكىپ
ياشناتقان يېشىل يوپۇرماقلارنى......

بىر چاغـلار......
ئۇنىڭ ئوركەشلىرىدىن
چاچرىدى قىپ ـ قىزىل قانلار،
بۇ ئىدى تاڭغا تەشنا ئوغلانلارنىڭ
قايغۇ ـ ئەلەمى،
يۈرەك زەردىسىدىن توكۈلگەن قېنى.
بۈگۈن
ئۇنىڭ يېشىل ۋادىلىرىدا
قاينىماقتا توي ـ بايـرام،
يايلاقلاردا
قىيغىتىدۇ قوزا ـ تايلاقلار،
ياڭرايدۇ ھەر ياندا زەپەر كۈيلىرى،
يايرايدۇ شاتلىقتىن چۈپاننىڭ جېنى.
سۈزۈك سۇ ئەينىكىدە
پارلايدۇ چاقناپ قۇياش جىلۋىسى،
ئاققۇلار ئەركىن قىلىـدۇ پەرۋاز
قىزىل شەپەقنىڭ نۇرىغا چومۇپ.
زوققا تولدۇم،
ئىلھامغا چومدۇم،
دولقۇنلىرى دەۋردەك جۇشقۇن،
ۋادىسىدا قىپ ـ قىزىل لالە،
بەختى كۆلگەن سايرامنى كورۇپ.

1978 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن لادىرىسى

# ۋىسال كۈيى

يايرىدى كوڭلۇم قاناتلىق قۇش بولۇپ
تاڭ بىلەن كىرگەچ ئېلىم گۈل پەسلىگە.
نەچچە يىل ھىجران ئوتىدا ئورتۇنۇپ
باغ ئارا يەتكەچكە جانان ۋەسلىگە.

كەلدى زىبا قولىدا گۈلدەستىسى
كەلدى چولپاندەك جامالى نۇرلۇنۇپ.
تولدى سۆيگۈ شەرۋىتى دىل جامىغا
سايرىدى بۇلبۇل چىمەندە زوقلۇنۇپ.

كەتتى كەلمەسكە جۇدالىق تۈنلىرى
كەتتى مەڭگۈ جۇت ـ زىمىستان قوغلۇنۇپ.
ئالدىمىزدا زور چېلىشلار بەيگىسى
ئۇچىمىز مەنزىلىسېرى تۇلپار بولۇپ.

1979 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

تۇرغان شاۋدۇن

# چاق بىلەن ئوق

(مەسەل)

ھارۋا ھامان غىچىلداپ ماڭار،
چاق بىلەن ئوق ئاستا پىچىرلار.
چاق ئېيتىدۇ: "مېنىڭ كۆچۈم كوپ،
مەن بولغاچقا ئارتىلىدۇ يۈك.
بارلىق يۈكنى مەن ئېپ بارىمەن،
ھارۋىكەشنىڭ چىندىن يارىمەن".
ئوق ئېيتىدۇ: "بولمىغاندا مەن
چوگۈلەيسەن قانداقلارچە سەن؟
يۈك تارتىشتا رولىم چوڭ مېنىڭ،
ماختىنىشقا ھەقىقىڭ يوق سېنىڭ".

*　*　*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

شۇندا بۇيلا سۇندى ـ دە، بىردىن،
چىقىپ كەتتى چاق ئۇز ئوقىدىن.
چاقتىن ئاجراپ يەرگە چۈشتى ئوق،
ئىككىلىسىنىڭ رولى بولدى يوق.

## "بىز" ۋە "مەن"

"بىز" دىگەن سوزلىرىڭ ھەر بىر يىغىندا،
ئوتەتتى بىغىشلاپ دىللارغا شاتلىق.
ھەتتاكى ئانىنىڭ قولىدا بوۋاق،
تەلپۈنۈپ قوياتتى كۈلۈپ بىر تاتلىق.
ئەمما سەن بۈگۈنكى قىلغان سوزۇڭدە،
سوزلىدىڭ: "مەن"نى كوپ كوكسۈڭگە ئۇرۇپ.
ـــ "ئىچىمىزدا ئاشلىقلار تەلپۈنمەس بۇنچە،
كەلمىسەم سىلەرگە بىر كادىر بولۇپ"......
ھەيرانلىق قاپلىدى دىللارنى شۇ ئان،
يۈزلەردىن تەبەسسۇم ئۇچتى ئۇشتۇمتۇت.
بەزىلەر خىيالچان تىكىلسە يەرگە،
بەزىلەر كوزىدىن چاقناپ كەتتى ئوت.
ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپ قالدىڭ جىم،

ئۇزەڭمۇ سوزۇڭدە قىلالماي داۋام.
دەر ئىدىڭ: "ئەل مېنى دەر ئىدى 'قالتىس'،
ھە بۇگۇن نىمىشقا ئۇزگەردى ئاۋام"؟
بىلەمسەن، بولسا ئەل مىسالى دېڭىز،
سەن ئاڭا قوشۇلغان پەقەت بىر تامچە.
تامچە سۇ باسالماس تەشنالىقنى ھىچ،
بولسىمۇ سۇزۇك ھەم سوغۇق ھەرقانچە.
ئىستىسەڭ ھەقىقى "قالتىس" بولماقنى،
تەمەننا، تامادىن بول ھامان يىراق.
ئۇ ھالدا سەن گويا بىر چىنار بولساڭ،
بولۇر ئەل سەن ئۇچۇن مۇنبەتلىك تۇپراق.

## مىنىڭ پەيجاڭى

كۈزەتتە ئۇزىدى يەنە بىر كېچە،
ئۇينايدۇ ئۇپۇقتا سىماپرەڭ شولا.
نۇرلىنىپ ئۇياتچان قىزلار كوزىدەك،
نەگىدۇ مۇكمەكتە ئوماق يۇلتۇزلار.
چىللىشىپ خورازلار خوشال بەس-بەستە،
جاراڭلىق ئۇنىگە كومدى يېزىنى.

باغلارنى ئايلىنىپ چىققان شوخ شامال
دىماققا ئۇرىدۇ گۈللەر ھىدىنى.
نەدىدۇ چاڭىلداپ سايرايدۇ بۇلبۇل،
ــ سايرىغىن كۈيلەپ بۇ تاڭ سۈبھىنى!
خەيرلىك تاڭ سەھەر!
سەن بىلەن يېزام،
ئىش بىلەن باشلايدۇ يەنە بىر كۈننى.
پىچىرلار زوق بىلەن مىنىبىك پەيجاڭى،
خۇددى شۇ تاڭ ئوخشاش نۇرلىنىپ يۈزى.
تىترىتىپ ھاۋانى جاراڭلىدى داڭ،
ھە، ئۇردى ئۇنىمۇ شۇ پەيجاڭ ئۆزى.
ھە، ئەنە بىر توپ ياش ماڭماقتا ئىشقا،
شۇ مىنىبىك پەيجاڭى ئۇلارغا يولباش.
ھاۋانى كېزىدۇ جۇشقۇن ناخشىلار،
ناخشىلار ئۇلارغا ھەر ۋاقىت يولداش.
پايانسىز گوبىنىڭ بىزەپ كوكسىنى،
ھە، ئەنە زوق بىلەن ئىشلەيدۇ ياشلار.
ئالدىدا بارىدۇ مىنىبىك پەيجاڭى،
تامچىيدۇ يۈزىدىن سىماپ تامچىلار.
دەم ئېلىش: ئولتۇرار ياشلار چورىدەپ،
شاخلىرى باراقسان قېرى جىگدىنى.
دىللاردا ئىنتىقام ئويغۇتار پەيجاڭ،

پاش قىلىپ توت شۇمىنىڭ قىلمىشلىرىنى.
شەپەقتە قىزارتىپ چەكسىز دالانى،
ئۇلتۇرار قۇياشمۇ تاغلار كەينىگە.
ياغرىتىپ دالانى ناخشىسى بىلەن
قايتىشار ئەزالار ئۆز ئۆيلىرىگە.
ۋە لېكىن شۇ مىنبىڭ پەيجاگى ئەنە
كۆندىكى ئادىتى بويىچە يەنە؛
دادۇيبۇ تەرەپكە ماگماقتا دادىل،
تاپشۇرۇپ ئالماققا يېڭى ۋەزىپە.
ئاي نۇرى ئويناي‌دۇ تاللار ئۈچىدا،
كەلمەكتە ئۇ يەنە پوسلارنى يوقلاپ.
يولدا ئۇ كىرىپ ئۆتتى ماخۇغا،
ۋە بەردى مالچىغا بېدىنى توغراپ.
ئۆتىدۇ شۇ هالدا ئۇنىڭ كۈنلىرى،
بىلمەيدۇ هېچقاچان ئارام ئېلىشنى.
دەيدۇ ئۇ: چاچماقتا پارتىيىمىز نۇر،
ئىشلەشنىڭ پەيتى بۇ، بىلمەي هېرىشنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئارسلان

# پىغان

خوشلۇشۇپ كۈن پاتار تاغلار كەينىگە،
بۇلۇتلار ئورانغان ھەسرەت ئوتىغا.
قىيانىڭ لىۋىدە سۈرىمەن خىيال،
كوز سېلىپ دەرياغا ـ دولقۇن يۇرتىغا.

ئەسلەيمەن بىز بىللە يۈرگەن چاغلارنى
كۆزۈتۈپ قىيانىڭ، گۈلنىڭ ھوسنىنى.
ئۇچقۇنلار چاچراتقان ياشنىڭ تامچىسى
يۇيىدۇ شۇڭغىغان ئاققۇ كوكسىنى.

سەن گويا كېلىسەن دولقۇنلار بىلەن،
سېغىنىش، ھاياجان چىرمايدۇ مېنى.
مەن گويا كورىمەن ۋىسال چۈشىنى
تىنىغىڭ مىسالى دەريا تىنىغى.

قوينۇمنى ئاچقاندا غايىپ بولىسەن،
باغرىمغا ئۇرۇلار دەريا سالقىنى.
قېنى سەن جۇدۇنلار ئەپكەتكەن دىلدار،
تىترىتەر يەر-كوكنى زاردىم شاۋقۇنى.

ھەقىقەت يولىدا سۇلدى گۇلتاجىڭ،
ئەدىگەن چاغلاردا زۇلمەت ئويۇنى.
شۇ قىيا ئۇستىدىن تاشلىدى سۇغا
چەيلەنگەن گەۋدەڭنى ئاپەت قۇيۇنى.

سەن كەتتىڭ تونىغان چاغدا ئادالەت
مۇھەببەت قاخشىغان قارا ئاخشامدا.
سەن كەتتىڭ شاخلىغان چاغدا جىنايەت
خارلانغان غايە بار ئىدى ناخشاڭدا.

سۇرگۇنلۇك يىللاردا ئاققۇزغان يېشىڭ
قالدى گۇل-غۇنچىنىڭ بولۇپ شەبنىمى.
كىشەنلىك پۇتۇڭدىن تامچىغان قاندىن
يېزىلدى چوللەرگە ۋىجدان قەسىمى.

توھمەتچى ساتقۇنلار سېتىشتى سېنى،
ساتقاندەك ئەرزانلا ۋىجدانلىرىنى.

www.uyghurkitap.com

ئايرىلغان چېغىدا ئۇز باتۇرىدىن
تىترىدى ھوكىرەپ جەڭ مەيدانلىرى.

ساتقۇنلار كۈلۈشتى، لېكىن بىلمىدى
تارىخنىڭ ساتقۇنغا كۈلمەسلىگىنى.
دەرياغا تاشلىدى، لېكىن بىلمىدى
دەريادەك ئۇركەشلەپ ئۇلمەسلىگىنى.

قار ـ مۇزلار باستى ھەم لېكىن قار ـ مۇزلار
دەريانى ئېقىشتىن توختىتالامتى؟
قانچە ئىت ئېقىنغا تىققاندۇ تۇمشۇق،
لېكىن ئىت دەريانى بۇلغىيالامتى؟

باھارنى ئويغاتتى قۇياش قايتىدىن،
ئۇرتەلدى ساتقۇنلار ــ ھايات ئەخلىتى.
ئەپكەلدى شۇۋىرغان يۇتقان كۈيۈكنى
تاغلارنىڭ كەلكۈنى ــ باھار شەپقىتى.

بىراق سەن كەلمىدىڭ قايتىپ يېنىمغا،
قايىنامدا تەۋرىنەر قەلبىڭ يەلكىنى.
گۈل يەنە شۇۋىرلاپ ئېيتماقتا چوچەك،
ئىنتىزار ئاڭلاشقا بىزنىڭ كۈلكىنى.

تاج بولدى تاغلارغا ئەنە ئالتۇن ئاي،
جاۋاپ يوق توۋلىسام ھېچبىر سوزۇمگە.
چۇش كورۇپ چۇشۇمدە بارسام يېنىڭغا،
چاقنايدۇ ئانا يەر ئەكسى كوزۇڭدە.

ياتسەن دولقۇننى قەبرە قىلىپ سەن،
كۆي تىڭشاپ ئۇيقۇدا ـ بۇزۇلماس چۇشتە.
ئوبرازىڭ نۇر چاچار بۇيۇك قىيادا
بولۇتلار يوگگەن مەغرۇر بوشۇكتە.

1979 ـ يىل 26 ـ ئىيۇل.

# تاغ لىرىكىسى

ئۇزاتتىڭ ئومرۇمنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە
ئەي يۇرتۇم تاغلىرى مېنى سەپەرگە.
يار بولۇپ يۇرىگىڭ خىتاپلىرىغا،
ئاتلاندىم يەنە جەڭ ئۇچۇن سەھەردە.

خەير ـ خوش ئەي رەڭدار دېڭىزدەك تاغلار،
كورستەر كويۇڭدە بوران موجىزە.

ئالدىمدا چوققىدىن ئۆيىنتىپ دولقۇن،
گۈزەللىك دۇنياسىدىن ئاچتىڭ مەنزىرە.

مىسالى ئوغلىنى ئۇزاتقان ئانا
دولقۇنلۇق مېھرىنى قىلماقتا بايان.
مىسالى بۇلاقلار ئېقىنى بىلەن،
ئاقماقتا قەلبىڭدىن ـ قەلبىمگە داستان.

جىلغىلار ۋۇجۇدۇم بولەنگەن بوشۇك
چوققىلار غايىغا ئورلەشتە شوتا.
ئەي بۇركوت ماكانى سېنىڭ ئىرادەڭ،
ئارزۇغا قاناتنى قىلىدۇ ئاتا.

هاياتى نەپەسىڭ شامالлار گويا،
سۆيىمەن كۆن سۆيگەن قىيالىرىڭنى.
سۆيىمەن خىيالنى ئېلىپ كەتكۈچى،
مېھرىڭنىڭ ئېقىنى ـ قىيانلىرىڭنى.

كوپ قېتىم قۇيۇنلار قاپسىغان سېنى،
ئۇچۇرۇپ كەتكىنى قار ۋە قۇم بىراق.
ئىستىلا يولىنى تورىغان ئىدى
كوكسۇڭدىن ۋۇلقانلار ئېتىلىپ قايناق.

كوپ قېتىم تولغاندىڭ ئىڭراپ ئەلەمدە،
بەستىڭنى جاھالەت زەنجىرلىگەندە.
بورانلار قوزغىدىڭ،
ئوغلانلار قېنى —
يولغۇندا گۈل بولۇپ يەلپۈلدىگەندە.

كوپ قېتىم چىلىلدىڭ، بىزنى قۇتلۇدۇڭ،
غەزەپلەر گۈلدۈرى گولدۈرلىگەندە.
قىلىچلار بىسىدىن يالتىرىغان نۇر
ئۇپۇققا ئېقىندەك ئىلگىرىلىگەندە.

قان كېچىپ جەڭ قىلدۇق، شۇ جەڭلەر ئىزى
ھىلىمۇ سەھراغا سۈرلۈك خاتىرە.
قۇربانلار ئەرۋاھى يۈرگەندۇ بەلكىم
جەڭگاھلار ئىچىدە سىېلىشىپ گىرە.

ئازاتلىق يولىنى تاپالمىدۇق بىز
ۋە ئۇچتۇق ئاخىرى ئاخشامقى نۇردەك.
چوخچايغان ھاڭتاشلار بولدى قەۋرىمىز،
ئەسىرلەر پۈتىدا ئاقاردى سۇيەك.

ساناقسىز قىيالار، ساناقسىز قەۋرە،
ساناقسىز قەۋرىدە بىرلا ئىرادە.

هورلۇك دەپ تۇغۇلۇپ نى ـ نى ئارسلان،
هورلۇك دەپ قەلبىنى كومگەن شۇ يەرگە.

روھىڭدىن تورەلگەن ئاشۇ ئىرادە،
ياشىدى ۋە تۇغدى قۇياش ئاقۋەت.
تىكلىنىپ قۇربانلار بەستى بار قەددىڭ
قوشاقچى دەريالار توكتى مۇھەببەت.

ئاھ..... ئۇتتى ئالەمدىن دەۋر ئاتىسى،
قەلبىنىڭ نۇرىنى ساڭا بېغىشلاپ.
بوراندەك قەدەمدە كەلدى ئىزباسار،
تېخمۇ كوركەم بىر كوكلەمنى باشلاپ.

گۇكرە ئەي تاغلار! كۇلمەكتە ئىقبال،
ۋىشكىلار ئورمانىنى قويماقتا پەستە.
مارسقا يول ئېلىپ زامان كېمىسى
چوققاڭنى قىلدۇ قونالغۇ ئەتە.

قىيادىن ئېگىلەر سامانچى يولى،
ۋادىلار قاناتتەك پۇتۇلەر ساڭا.
سەن تاغلار شاھىمۇ بېشىڭدا زەر تاج
تىزمىلار دەۋرىمنىڭ قوشۇنى گويا.

خوش تاغلار، شۇ غايە جىڭگە كەتتىم،
سەن قەلبىم، مەن سىنىڭ قەلبىڭ پارچىسى.
شاۋقۇنلۇق ئورمانلار، شاقىراتمىلار
ئەيلىدى يوللۇغۇم يىڭى ناخشىنى.

قانداقمۇ ئۇنتۇيمەن بورانلىرىڭنى،
يالقۇنلار چاقنىغان ئىقىنلىرىڭنى.
ئوبرازىڭ يۈرىدۇ مەن بىلەن بىللە،
ئەپكىتەي جەڭگاھقا چىقىنلىرىڭنى.

1978 ـ يىل ئوكتەبىر.

## چىچەكنىڭ سىرى

قىرغاق بويلاپ كەلدىڭ يەنە سەن،
بولۇتلاردىن شۇڭغىغاندا ئاي.
يىراقلاردا ئۈگىدەر ئورمان،
ئەينەكتىن يول سالغان بىزگە ساي.

ئوينىغاندا ئاسمان چىچىگى،
چۈشتى ئەسكە چىچەكنىڭ سىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىچەك پەسلى ئېيتقان ئارزۇيۇڭ،
چىچەكلەپتۇ مانا قىش كۈنى:

بەزەن كوكتىن ئۇچار ئىكەنسەن،
يەرگە ئاققان يۇلتۇزدەك گويا.
بەزەن چەكسىز ئۇپۇق قوينىدا،
ئېچىلىسەن ئاق گۈلدەك گويا.

كۆتەر ھەر كۈن پاراشۇتچى قىز
قۇچاق ئېچىپ ئانا يەر سېنى.
سەن ئاسماندا، مەن يەردە دائىم،
قىينار شىرىن سېغىنىش مېنى......

قىرغاق بويلاپ كەلدىڭ يەنە سەن،
سۆيگۈمىزگە قىرو - ئاي گۇۋا.
چىچەك پەسلى ئالغان ھەر نەپەس،
ئاڭلىنار قار ئاستىدىن گويا.

1978 - يىل 20 - دېكابىر.

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# قەلبىم يەنە چوققىدا قالدى

مەن تۇرىمەن ئاپتومات تۇتۇپ
تىك چوققىدا، ئاستىمدا كۆك مۇز.
قار قۇيۇنى ئۇچار چىقىراپ،
ۋۇجۇدۇمدا يالقۇنلار تومۇز.

بەستىم قارىغاي، يىلتىزلىرىمغا
تۇتاش گويا تۇمەن جىلغا ـ ساي.
ۋەتەن مېھرى قەلبىمدە دەريا
كۆز نۇرۇمدىن چاقنار تولۇن ئاي.

ئانا ۋەتەن، قىران بۈركۈت سەن،
قانىتىڭنىڭ بىر تال پېيى مەن.
قىلىچىڭ مەن گويا چاقنىغان،
كەلسە دۈشمەن پېيىنى قىيىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتتى كۆلۈپ چىرايلىق تاڭ ــ مۇ
تاغۇ ـ دالا ئالتۇن رەڭ ئالدى.
سەپىدىشىمغا تاپشۇردۇم پوستىنى،
لېكىن قەلبىم چوققىدا قالدى.

1978 ـ يىل ئاپرېل.

# يېڭى پەرمان

بۈگۈن پايتەخت كوكىدە قىپ ـ قىزىل تۇغلار قىلىپ جەۋلان،
ئەجەپ جۇشقۇن قىياپەتتە نەپەس ئالدى يېڭى دەۋران.

يېزىلماقتا شىجائەتتە ئىلىم ـ پەن قامۇسى ئەمدى،
بۈگۈن مۇنبەردە خۇاجۇشى جاكا قىلغاچ يېڭى پەرمان.

يېنىپ چوغدەك ئۇلۇغ ئىستەك يۈرەكلەر تەكتىدە شۇ دەم،
ئىلىم ـ پەن ئەھلىنىڭ ئوتلۇق كوزىدەياندى نۇر، چولپان.

تۇمەن تۇلپار بىراق كىشنەپ يېڭى جەڭگە يۈرۈش قىلدى،
كۆرەشنىڭ جامىدىن كەۋسەر ئىچىپ كۆلدى جىمى ئىنسان.

ئىجاتقا ئاشنا خەلقىم نىشانغا ئات سېلىپ ماڭدى،
جاپا ـ مۈشكۈل تېغى ھەر بىر قەدەمدە ئەيلىنەر تالقان.

كۆرەش قايناق، ئۈمت پارلاق، تولۇپ تاشتى ئىشەنچ بىزدە،
تۈمەنلەپ لى سىگۇاڭ بىرلەن تولۇپ كەتتى بۈگۈن مەيدان.

تۈزۈلدى بىر ئۇلۇغ گۈيخۇا، كورۇندى پارلىغان مەنزىل،
كۆرەشكە باغلىدۇق بەلنى قاناتلانغان گۈزەل بوستان.

1978 ـ يىل ئىيۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مامۇت زايىت

# چارەك ئەسىر نەزمىسى

دۇنيانىڭ شەرقىدە ئېتىلدى ساليوت،
بەيگىگە بېرىلدى تارىخىي پەرمان.
توت بۈيۈك قورغانغا باشلىندى ھۇجۇم
ئۈچ تاغنى ئۆرۈگەن جەڭگىۋار كارۋان.
ئىلىم-پەن كوكىدىن يوقالدى بۇلۇت،
لەھەتكە ئۈزىلدى توت رەزىل قۇرۇت،
ئۈمىتلەر بىخلىنىپ چىقاردى ياپراق،
ۋىسالغا يۈزلەندى ئەسىرلىك ئارمان.

يىگىرمە ئۈچ يىلغا قارايمەن مەغرۇر،
ئېچىپتۇ قۇچاقنى ئىقبال دىلبىرى.
نى قىيىن ئۆتكەلنى بوسۇپ ئوتىمىز
بولغاچقا رولچىنىڭ دانا تەدبىرى.

ماگغاچقا ئۇستازنىڭ ئاچقان يولىدا،
موجىزە ئاچقۇچى ئەلنىڭ قولىدا،
تاپاننىڭ ئاستىدا قالدۇ تىك تاغ
مۇستەھكەم باغلانغاچ يىگىت كەمرى.

پەيلاسوپ ئەمەسمەن ياكى تارىخچى،
جۇڭگولۇق شائىرمەن — بەختىيار ئادەم.
جان - دىلدىن سۆيىمەن پەن، تېخنىكىنى،
بۇنىڭسىز گۈللىمەس ھېچقاچان ئالەم.
كۆرەشسىز، مېھنەتسىز بولماس سائادەت،
ئىلمسىز جاھاننى قاپلار جاھالەت.
دەۋرنىڭ چاقىنى سىلجىتار ئالغا
ماۋجۇشى بايرىغى — جەڭگىۋار ئەلەم.

ئۆتكۈزدى تارىختا ئەللىك ئەسرنى
ئەجداتلار ھورلۇك دەپ گۈلخانلار يېقىپ.
ئىلىم - پەن ھوقۇقى تەگمەي ئۇلارغا،
ھاياتى ئۆتكەنتى لاي سۇدەك ئېقىپ.
لېكىن، شاڭگاۋدەك ئىجاتكارلار خار،
توھپىسى بولغانتى ئۇلار ئۈچۈن دار،
قالغاچقا كومۇلۇپ تالاي كەشپىيات،
چۈي يۈەنمۇ ئاھ ئۇرغان ساماغا بېقىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرخىل ئادرېسى

بىر مەھەل كورەڭلەپ ئۆتتى خاقانلار،
بىلگىنى ئوق ئېتىش تارتىشىپ ساداق.
يەن ئەھلى خارلاندى، زالىم مەلئۇنلار
باش كېسىپ، قان ئىچىپ چىقاردى ئاتاق.
مەدىنى مىراسلار قىلىندى ۋەيران،
ئەدىپلەر، ئالىملار بولۇشتى سەرسان،
ئىلىم - پەن بوشۇگى ئۇلۇغ ئېلىمىز
بوپ قالدى ئاخىرى ئاق، نامرات، قالاق.

ۋە لېكىن ياتمىدۇق شۇ چاغلاردا جىم،
تاقەتنىڭ قازىنى ئېشىپ قايىندى.
ماۋجۇشى باش بولغان ئۇزۇن سەپەرنىڭ
ئۇرۇغى ۋەتەندە كوكلەپ ئايىندى.
تاڭ بىلەن دەس تۇردى ئورنىدىن جۇڭخۇا،
ئۇستازنىڭ قولىدا تۈزۈلدى گۇيخۇا،
ئاق قەغەز ئۈستىگە سىزدۇق بىز رەسىم،
مەرىپەت گۈلشىنى كۆلۈپ يايرىدى.

بىز قىلساق چوققىلار ئۈستىگە ھۇجۇم،
بەزىلەر تەنىدىن ئاتتى ئوق ياساپ.
سىبىرنىڭ ئېيىغى شالىنى چېچىپ،
ھەر ياقتا قوترىدى ھوۋلاپ، يول توساپ.

ئۇستازنىڭ سوزىنى چىڭ تۇتۇپ ئەستە،
توسقۇنلار قەددىنى پۇكۇپ پەيۋەستە،
توتلىشىش يولىغا چۇشتۇق يەك تۇرۇپ،
قۇترىغان شۇملاردىن ئېلىپ بىز ھساپ.

كېمىمىز ئۇزگەندە ئىقبال يولىدا،
ياقىغا ئېسىلدى توت رەزگى قامغاق.
جياڭ جيېشى مىراسى تومۇر كالتەكنى
بېشىمىزدا ئويناتتى، كىيدۇردى قالپاق.
"......لاشتۇرۇش — چېكىنىش" دېيىشتى جوراپ،
ماڭماقچى بولۇشتى نىشاننى بۇراپ،
ئورلىدى قەھرىمىز يالقۇنى كوككە،
تىك چۇشتى تەككەندە بىزنىڭ شاپىلاق.

ئېلىمىز شاتلىقتىن قىلدى تەنتەنە،
چوققىغا ئورلەشكە يارالدى پۇرسەت.
"تۇتقىنى چىڭ تۇتۇپ، دولەتنى تۇزەش"
بۇ دانا تەدبىردە ئالەمچە قۇدرەت.
پەخىرلەن، ۋەتىنىم، ئىقبالىڭ پارلاق،
ئىزباسار قوماندان كوتەردى بايراق،
كامىلدۇر ئىشەنچىم، ئاشىدۇ ئىشقا
يىگىرمە ئۇچ يىلدا مىڭ يىللىق سۇرئەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بىلىمىز، ئىلگىرىلەش ئەمەسدۇر ئاسان،
جەڭچىگە بۇ هامان روشەن ئەزەلدىن.
دەپتىكەن: "ئاشققا باغداتمۇ يېقىن"،
نامەرتلەر مەھرۇمدۇر مەشۇق گۈزەلدىن.
زامانىنىڭ تەلىۋى يۈكسىلىش، گۈللەش،
خەتەرلىك چوققىغا جان تىكىپ ئورلەش،
بىز باسقان مۇساپە ئەمەسمۇ ئايان
مەردانە ئىزلاردىن، ئوتلۇق غەزەلدىن.

خۇاجۇشى چىقاردى جەڭگىۋار پەرمان،
توتلىشىش جېڭىگە ئېتىلدى ساليوت.
سەپەرگە ئاتلاندۇق سەككىز يىل پالۋان،
بىر قولدا گاڭ قەلەم، بىر قولدا ئۇمۇت.
كور، جاھان، جۇڭگونىڭ ئوغلانلىرىنى!
ئالماقتا ئىلىم-پەن قورغانلىرىنى.
بىز بۇگۈن ئات سالغان ئۇزۇن سەپەردىن
ئەڭ گۈزەل ئىستىقبال بولار تەۋەللۇت!

ئابلىز ھوشۇر

# پەنگە يۇرۇش ناخشىسى

كېسىلدى توت زىيانداشنىڭ
زەھەرلىك شۇم قولى ئەمدى.
ئېچىلدى ئالغا ئورلەشنىڭ
نۇرانە كەڭ يولى ئەمدى.

قەدىردان داھى خۇاجۇشى
ۋەتەن ـ ئەلگە نىجات بەردى.
ئوكۇشلۇق ئالغا ئۇچماقتا
چېلىشنىڭ دۇلدۇلى ئەمدى.

تۇتۇپ بىز تۇتقىنى مەھكەم
يېڭى سەپەرگە ئاتلاندۇق،
بىلىنمەس بىزگە تىماقچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرەشنىڭ مۇشكۈلى ئەمدى.

ئۇلۇغ ئۇستاز بەخش ئەتكەن
زەپەر دەستۇرى قوللاردا،
قىزىلماقتا ئىلىم ـ پەننىڭ
باھاسىز مەھسۇلى ئەمدى.

جاھان پەللىسگە يەتمەك
ئۈچۈن چىك باغلىدۇق بەلنى،
ۋەتەندە ئەۋجىگە چىققاي
كۆرەشنىڭ مەرغۇلى ئەمدى.

1978 ـ يىل ماي.

## يامغۇر بولۇپ

سالا ـ سالا ئېتىزلارغا تاراسلاپ
دەل پەيتىدە ياغدى زۇمرەت تامچىلار.
ياشناپ كەتتى قۇۋۋەت تېپىپ تېخىمۇ
تەشنالىغى قېنىپ يېشىل مايسىلار.

پەن ـ تېخنىكا قانات يايدى كۆكسىدا،
يامغۇر تىلەپ تەلمۈرمەيمىز ساماغا.
ئاسۇسـلاردىن پۈرقۇپ چىققان زىـلال سۇ
يامغۇر بولۇپ قۇيۇلماقـتا دالاغا.

78 ـ يىل ئىيۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئوسمانجان ساۋۇت

# باھار تۇيغۇسى

گۈزەل تۇيغۇ، شاتلىق بېرىپ كۆڭلۈمگە مېنىڭ،
ئانا يېرىم باھار كەلدى قوينۇڭغا سېنىڭ.

*          *

قوۋناق ھايات شىرىن دەمگە بېرىپ كاپالەت،
باھار كەلدى، ئەجەپ باھار ساڭا مۇبارەك.
بەرھەم يىدى ئەسىرى مۇزلار كەتتى چاراسلاپ،
ئەترە بۇيلۇق يامغۇر ياغدى ئەنە تاراسلاپ.
بىر باھاركى خاسىيەتلىك دەرتلەرگە داۋا،
باھار كەلدى قايتتى ياشلىق باشلاندى ناۋا.
ئۈز سەتھىگە پاتماي ئاقتى دەريا ۋە ئەنھار،
نۇر ئىلكىدە پارلاپ كەتتى مۇقەددەس دىيار.
ياقۇت ماڭلاي تاڭ ئاتقاندا ئۇرغىدى سابا،
مەجنۇن تاللار جىلۋە قىلدى رەڭلەندى راسا.

كۇمۇش چوققا يۇكسەك تاغلار تىنىق ـ تۇمانسىز،
تاغدا باھار، باغدا باھار ئېنىق گۇمانسىز.
چەكسىز ـ چەتسىز كەڭلىكلەردە سەراپ جىلۋىسى،
باھار كەلدى بۇ باھاردا ئىقبال قىلۋىسى.
بىللۇر چاچار ئەشمە سۇيى قىياق بەرگىگە،
يەر ـ جاھان كۇلەر خوش دەپ چىللە ـ دەلۋىگە.
كەچمىش يىللار...... ئۆتكەن ئىدى بىرقانچە باھار،
كوز يېشىمىز ئېقىن بولدى يىغلىدۇق زار ـ زار.
ئۇ باھارلار بېرەلمىدى بىزگە ھارارەت،
تېخى سالدى يۇرەكلەرگە يارا ـ جاراھەت.
ئاتا غېمى گۇدەكلەرگە ئەكەلدى قورۇق،
ئاياقلارغا يېڭىۋاشتىن تارتىلدى چورۇق.
قىرو قوندى قارا چاچقا ئون توققۇز ياشتا،
ئۇ چاغلارنىڭ سۇپىتىنى كوردۇق بىز تاشتا.
پارلاق يولدا ماڭدۇق ئەمما يۇتتۇق گۇنانى،
جاكاچىدەك جاڭ چېپ ئۇتتۇق كىيىپ كۇلانى.
پەرمانبەردار، لەببەيچىلەر ئالدى تاج ـ مەنسەپ،
سەپدىشىنى سېتىپ ئەرزان شوتا قىپ دەسسەپ.
ئوتتۇش كېرەك ھەممىمىزگە بىردىن پىلسىرات،
ئادەم ـ ئالەم بىر ئاندىلا بولدى تىلسىمات.
ماركس، لېنىن قالدى چەتتە،
قالدى بىر ياندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

ئاسمىنىمىز قارا تۇتەك، ياندۇق پىغاندا.
جاننى تىكىپ، قانلار توكۇپ يوقاتقان دەۋر،
تىرىلمەكچى بىشىمىزغا سالماقچى جەۋر.
تۇگمە ئۇچۇن قاراپ تۇرۇپ توگە سويۇلدى،
قارىغانغا ئالايدىك دەپ كوزلەر ئويۇلدى.
قەلەي ئىدى، تومۇر ئىدى ئالتۇن دىگىنى،
تۇتۇن ئىدى، تۇتەك ئىدى يالقۇن دىگىنى.
تىك ئۇچقانلار سەلتەنەتتە ئىتى پەرىشتە،
بۇدۇنىسى بۇركۇت بولدى چىقتى ئەرشكە.
سويگۇ-ۋىجدان كىردى ئەمدى تاۋار سىپىگە،
توققۇزمۇ ھەم ئوتتۇز بولدى كىرسە ئىپىگە.
توھمەت، قىيناق، ئۇرۇش، چىپىش
زۇغۇيلۇق دەستى،
گۇمران بولغان جاك جىيىشىغا خاس ئىدى ئەسلى.
تىرىۋالدى بۇ ئەخلەتنى قىلدى تىلتۇمار،
قانغا سىزىك سۇلۇك بولدى سوپى قانخۇمار.
ئۇلار قارا يۇرىگىدە چايان باققانلار،
ئەل كوزىدىن مىدال ياساپ
شوھرەت تاپقانلار.
قۇربى يەتسە يەرنى توتكە ئالسا پارچىلاپ،
ھاۋا بىلەن سۇنىمۇ ھەم بولۇپ-قاچىلاپ.
پەقەت شۇندا ئەجدەر نەپسى-تاما قاناتتى،

چىچگى چاي، يۇلتۇزى ئاي بولۇپ ياناتتى.
كورمىگەننى كوردى ئىشقىپ ۋەتەن ـ خەلقىمىز،
سوزلىگەنگە تۇگىمەيدۇ هال ۋە دەردىمىز.

*　　　　*

ئوكتەبىرمۇ يېتىپ كەلدى پۇتكەندە چىدام،
ئەقىل يېنىپ دانا تەدبىر بولغاندا قىيام.
گۇلدۇرماما گۇلدۇرلىدى ئايان بىر لەرزە،
توت يەلماۋۇز گۇمران بولدى قۇتلۇق بۇ لەهزە.
مىرادىمىز هاسىل بولدى يەتتۇق جانانغا،
يايراپ هەتتا پاتماي قالدۇق يەرۇ ـ جاهانغا.
شاتلىق يېشى ئاقتى كوزدىن ئۇنچە ـ مارجاندەك،
زەبەردەسىمىز قەلبىمىزدە قۇياش ياققاندەك.
باهار كەلدى، ئۇز ئېچىلدى هورلۇك لالىسى،
خويمۇ لەتىپ هوسۇن ئالدى ۋەتەن دالىسى.
باهار كەلدى، كەلگىن يارىم قۇچاغلىشايلى،
بۇ باهارنىڭ هورمىتىگە كۇي ياڭرىتايلى.
باهار ئاپتاپ، باهار شاراپ، باهار مۇهەببەت،
باهار ياشلىق، باهار شاتلىق، باهار مەلاهەت.
باهار كەلدى، بەزمە تولسۇن جام كەلتۇر ساقى،
نۇش ئېتەيلى باهارىمىز ئەبىدى ـ باقى.
يىل باهارى، دىل باهارى ساڭا مەرهابا،
خەلقىمىزنىڭ زەر ناهارى ساڭا مەرهابا.

1979 ـ يىل ئاۋغۇست.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ياڭرا ئەجەم!

رادىيو تىلىدا نادىر بىر ناۋا،
بۇ بىزنىڭ خۇش ئاھاڭ، دىل سۈيگەن ئەجەم
يۇرت كەبى قەدىردان ئىسىل بىباھا،
ئانا ئەللىيدەك ئەزىز مۇھتەرەم.

دەۋرىمىز ھوقۇق ۋە ئەرك بەردى ساڭا،
ياڭرا ئەي خۇش ناۋا
مۇقاملار شاھى.
جاراڭلا! ھەيرەتتە پۈتۈن ئالەمنىڭ
سەن چىققان دىيارغا چۈشسۇن نىگاھى.

پاك ۋىجدان، مول ئىدرەك، ئىزگۈ نىيەتلەر،
ئەسىرلەر داۋامى سېنى ياراتتى.
موھۇر بوپ بېسىلغان ساڭا يۈرەكلەر،
ئەۋلاتتىن ــ ئەۋلاتقا سېنى تاراتتى.

چېكىسەن قەلبىنىڭ ئالتۇن تارىنى،

تۇيغۇلار چىقىدىن ياسايدۇ قانات.
سىنگدە جەزبە ۋە سۇيگۇ، ھىكمەت،
تالانت ۋە كامالەت چاقنايدۇ ھەيھات.

توت ئاپەت بەنت قىلدى سىنى بىر زامان،
دىللارغا تاش دەۋرى تاشلىدى سايە.
ئۇنتۇدۇق كۇلكىنى، كوزىمىزدە قان،
زەر چۇشتى خاك ئۇزرە،
گۇل بولدى زايە.

قانداقمۇ ئۇنتارمىز ئۇ چاغلارنى بىز،
ناخشىسىز، ناۋاسىز ئوتتى بۇ ھايات.
تەبەت قۇللۇقنى بەرمىگەن بىزگە،
تەلۋىلىك ئۇستىدىن زور كەلدى سۇبات.

رادىيو تىلىدا نادىر بىر ناۋا،
شاتلىقتىن كىرپىكتە ئالماس قەترىلەر.
زەنجىردىن قۇتۇلدۇق،
كۇلدىك سەن تازا،
شەنىڭنى ئۇلۇغلاپ يازدىم سەترىلەر.

دېڭىزلار، دەريالار، كورپەز - ئارللار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باغرىدا سەيىر ئەت،
ياڭرا، قىل جەۋلان!
سۆيۈنۈش بەخشى ئەت،
يايرىسۇن دوستلار،
ئۇلۇغلار، ئاززۇلار سېنى بۇ دەۋران.

بىتخوۋىن، مورتسارتىنىڭ كۈيلىرى تۇرغان،
يۈكسەكلىك ساڭا ھەم تالىق، مۇناسىپ.
ياڭرىغىن شوخ ئەجەم،
شوخ ياڭرىشىڭنى،
ھورلىگىنىڭ، ئەركىڭگە شاھىت - گۇۋا قىپ.

*

خۇاجۇشى ھوقۇق ۋە ئەرك بەردى ساڭا،
ياڭرا ئەي خۇش ناۋا، مۇقاملار شاھى.
جاراڭلا، ھەيرەتتە پۈتۈن ئالەمنىڭ
سەن چىققان دىيارغا چۈشسۇن نىگاھى.

1979 - يىل باھار.

## ئالمدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۇيگۇ

قەدەھكە قەدەھتەك شاراپ سغمدۇ،
ئېرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ.
قىل سغماس ھەقىقەت بولۇپ ئەزەلدىن،
كىشىلەر قەلبىگە ئورنىغان سوز بۇ.

ۋە لېكىن ۋەتىنىم، سەن باشقا دۇنيا،
مېھرىڭدىن تاشقىمۇ بەردىڭسەن سەزگۇ.
مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ، ئورناتتىڭ ئوزەڭ
ئالمدەك يۇرەككە ئالەمچە سۇيگۇ.

1964 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەلئەت ناسرى

# كۈيلەي بۈگۈن ئەجرىڭنى مەن

"قاتتىق سوگەك 6 ـ لېيەن" كوردۇم بۈگۈن ۋەسلىڭنى مەن،
زوقۇم بىلەن كۈيلەپ ئۆتەي سىنىڭ شانلىق ئەجرىڭنى مەن.

ئىش ئىزلىرىڭ بىزگە ئۈلگە، كەڭ تارالغان شان ـ شەرىپىڭ،
نۇرلۇق گۈزەل دەۋرىمىزدە تاپقاچ يەنە قەدرىڭنى سەن.

ماۋجۇشىنىڭ سوزلىرىنى قورال قىلىپ جەڭدە ھەر دەم،
تېخنىكىدا ماھىر بولۇپ، ئۇستۇڭ سۈيۈپ دەۋرىڭنى سەن.

ماۋجۇشىمىز يېتىشتۇرگەن ئەنئەنىنى جارى قىلىپ،
سۈيدۇڭ قايناق يۈرىكىڭدىن ھەر دەم ئەزىز خەلقىڭنى سەن.

تەۋرەنمىدى تەتۇر قۇيۇن چىققاندىمۇ شۇنچە ئەدەپ،

دۇشمەنلەرگە ئاتەش قىلىپ ياللۇنلاتتىڭ قەھرىڭنى سەن.

سانسىز جەڭچى پالۋانلارنى تاۋلاپ چېلىش مەيدانىدا،
بەخش ئەتتىڭ يۈرەكلەرگە شۇنچە ئىسسىق تەپتىڭنى سەن.

بۇگۈن شۇنچە چاقناپ كەتتى قىزىل تۇغۇڭ بەلپۈللىنىپ،
يېڭى جەڭدە شەرەپ قۇچتۇڭ ئاقلاپ بۈيۈك ئەھدىڭنى سەن.

ئورلە ئۈزۈن سەپەر بويلاپ، خۇاجۇشىغا زىچ ئەگىشىپ،
كۈيلەي سۈيۈپ ئۆمرۈم بويى شان ـ شەۋكىتىڭ،
ئەجرىڭنى مەن.

1978 ـ يىل ئاۋغۇست.

## ئەمگەك ناخشىسى

تاڭ پەيزىنى سۈرۈپ كېلىمەن،
ئېتىز ئارا ناخشا ياڭرىتىپ.
ئەمگەك بىلەن كۆلگەن بەختىمنىڭ
شاتلىقىنى ئەلگە ئاڭلىتىپ.

باھارىمنىڭ مەيىن شامىلى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋادىلارنى سۈيۈپ كېلىدۇ.
كاككۇك، بۇلبۇل ناۋالىرىنى
گۈلشەنلەردىن ئېلىپ كېلىدۇ.

مەن ئېيتارمەن كاككۇك، بۇلبۇلغا
سايرىغىنىڭ سېنىڭ شۇنچىمۇ؟
گۈل ـ چىمەنسىز چىقماس ئاۋازىڭ
باھارىمغا پەيزىڭ شۇنچىمۇ؟

ئاڭلا مېنىڭ ئېيتقان ناخشامنى
ئېتىزلىقتا چەكسىز دالىدا.
ئەمگەك سۈيۈپ ياڭرايدۇ ناخشام
چولنى ئوراپ چىمەن لالىغا.

1962 ـ يىل ئاپرېل، غۇلجا.

## كەزسەم چېگرانى

قارلارغا ئىز سېلىپ، مۇزلارنى يېرىپ،
تاشلارنى چېلىك دەسسەپ كەزسەم چېگرانى.
داۋانلار مۇكچىيىپ بولار پاياندار،

بەستىمدىن تاغلارنىڭ كېتىپ دەرمانى.

شەپەقتىن رەڭ ئىچكەن ئوتقاش بۇلۇتلار
ئۈزۈشەر يېنىمدا بولغاندەك قانات.
يولۇمنى ئاۋۇتار قاتار چوققىلار،
مەن بىلەن بەسلىشىپ يۈرگەندەك پارات.

كوك يېرىپ خەنجەردە ئورلەپ بارىمەن،
تىك قىيا باغرىدا ئوسكەن قارىغايدەك.
شۇرغان، جۇدۇنغا قىلماستىن پەرۋا،
كېلىمەن تاغ يۇدۇپ ماڭغان پالۋاندەك.

سەپىرىم جاپالىق، ئىرادەم پولات،
قوغدايمەن جان تىكىپ ئانا ماكانىنى.
بىلىنمەس ھارغىنىم ۋەتەن ئىشقىنى،
يۈرەككە چىلاپ تېڭىپ كەزسەم جاھاننى.
1978 ـ يىل ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى

تۇرسۇناي ھۇسەيىن

# ئانارلىق باغ

شوھرىتىڭ، تەرىپىڭنى ئاڭلاپ كۆپتىن،
ئىپارگۈل، كەلدىم بۈگۈن سېنى ئىزلەپ.
بەشكىرەم باغلىرىغا ئەجرى سىڭگەن،
تىرىشچان، ئەمگەك سۆيەر باتۇر قىز دەپ.

ئىپارگۈل، ئۆسكەن يۇرتۇڭ ئىپار ھىدلىق،
گۈلباغلار تارقىتىدۇ شېرىن پۇراق.
ئانارلىق گويا ئورمان، قالدىم ئېزىپ،
چېتىگە يېتەلمەستىن كەزدىم ئۇزاق.

يول باشلاپ بىر ئاجايىپ گۈزەل ناخشا،
ئېپ كەلدى ئانار ئۈزگەن جايغا مېنى.
يېقىملىق جاراڭلىغان ئاۋازىڭدىن،
ئىپارگۈل تونۇۋالدىم شۇ دەم سېنى.

ئۇزۇلۇپ دوۋىلەنگەن ئانارلارنى،
ياقۇت يە قىزىل قاشتاش تېخى دەيسەن.
باغدىكى ئانار يۈزلۈك، ياقۇت لەۋلىك —
قىزلاردىن رەڭ تالاشقان چېغى دەيسەن.

يادىمدا تېخى كونا قىياپىتى:
باياۋان ئەمەسمىدى بۇ يەر ئەسلى.
قويدۇڭ سەن خىللاپ ئانار كوچىتىنى،
دوستلىرىڭ بىلەن بىللە باھار پەسلى.

بوز يەرگە بېغىشلىدىڭ ئەجرىڭنى سەن،
مەرۋايىت تەرلىرىڭنى توكتۇڭ ياز، قىش؛
كىيدۇرۇپ كوچەتلەرگە سوغدا لىباس،
ئانىدەك مېھرىڭ بىلەن قىلدىڭ پەرۋىش.

ھە، بۇگۈن ئانارلار رەڭ ئاپتۇ ئەنە،
قىپ ـ قىزىل لەيلى كەبى يۈزلىرىڭدىن.
ياقۇتتەك چاقناپ تۇرغان دانىلىرى،
نۇر ئاپتۇ سېنىڭ ئوتلۇق كوزلىرىڭدىن.

يوللىدىڭ قەلبىڭ كەبى قىزارغان خىل
ئانارنى داھىمىزغا سوغا قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتتى ئۇ ئەڭ قەدىردان خۇاجۇشىغا
بەشكىرەم خەلقىنىڭ چىن مېھرىنى ئېلىپ.

## بوز يەر كېچىسىدە

زەپ چىرايلىق ئايدىڭ كېچىسى،
مەن ئولتۇردىم تالنىڭ تۈۋىدە.
جۇشقۇن خوشال بىر ئۇن بار ئىدى،
شىلدىرلىغان سايىنىڭ كۆيىدە.

ئەركىلىتەر تەبىەت مېنى،
كوكۇلامنى ئويىنايدۇ شامال.
بوستاندىكى بۇلبۇلنىڭ ئۈنى
يۈرىگىمنى ئېتىدۇ قامال.

ئاسمان كورەر سۇدا ئەكسىنى
ملىيون ئالتۇن تەڭگە چاچقاندەك.
ئاققان يۇلتۇز ئىز سېلىپ ئوتەر
گويا ئالتۇن ئوقيا ئاتقاندەك.

بوستانلارنى، باغ هويلىلارنى
يورۇتتۇپتۇ سانسىز چىراقلار.
ئۇرالغاندەك كۈمۈش نۇر بىلەن
تولۇپ يانار يېقىن - يىراقلار.

شۇ ئانجان يەرنى گۈللەشتە
سېنىڭ قەترەڭ قېتىلغىنىدىن.
خوشاللىقتىن كوزۇڭ ياشلىنار
قەلبىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىغىدىن.

بوز دىدىمۇ كېلەر ئېسىمگە
بۇ جايلارنىڭ سۇلغۇن ھالىتى.
چىلبورىلەر ماكانى ئىدى،
ئاتىلاتتى "كارۋان ئاپىتى"......
سەرگەردانلىق يۈكىنى ئارتىپ
ماڭغانلارنىڭ قۇرۇيتى زاتى.
قۇزغۇن چوقۇپ ئۇتسە جەسەتنى،
چىلبورىلەر بولاتتى شىرىك.
تارالغانكەن شۇنداق رىۋايەت،
"ئەجدىھارلار ماكانى بارمىش
شۇڭا ئىنسان ياناماسمىش تىرىك".

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇياش ئورلەپ چىقىپ شەرقتىن،
باياۋانلار ئالدى ئالتۇن رەڭ.
ئەل ئۇمىدىنى يەلكىگە ئارتىپ
ياشلار چولدە قانات يايدۇق كەڭ.
قۇترىسىمۇ چولنىڭ بورىنى،
تەۋرەنمىدۇق ئىلىشتۇق شىردەك.
چول قوينىدا تۇنجى مايسىنى
ئوستۇرگەندە سۇيۇپ پەپلەپ،
قۇملار بېسىپ قىلسىمۇ ۋەيران،
چېكىنمىدۇق ھەممىمىز بىردەك.

ئايلار ئوتتى خىياللاردىكى
كوز يەتكۇسىز جەننەت ياراتتۇق.
تىلسىماتنى يەشتۇقدە شۇنىدا،
داۋقىمىزنى ئەلگە تاراتتۇق.
زوقلىنىمەن ئالتۇن دان تولغان
بىر غېرىچلىق بۇغداي بېشىغا.
قۇش قانىتى تەگمەي ئوتەلمەس
دوۋلەنگەن خامان بېشىغا.

زەپ چىرايلىق بۇندا كېچىلەر
ساي بويىغا ئولتۇردىم كېلىپ.

مەنمۇ بۇندا تەر توككەن ئۇچۇن
يۈرەكلىرىم كېتەر شاتلىنىپ.
شىرىن خىيال چۇلغىدى مېنى،
كوزلىرىمگە كەلمىدى ئۇيقۇ.
ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ ئوتەر
بىر خوشاللىق يېقىملىق تۇيغۇ.

1964 ـ يىل قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئادرېسى

## سەمەت دۇگايلى

# ھەق سوز

ئىسمى بولۇپ جامال جا ساراڭ،
ئۆتكەن ئىدى خورلۇق نام بىلەن.
ئەمدى ئىشچان، ئىلغار ئاتىلىپ،
ئۇز بەختىنى ئىچتى جام بىلەن.

"جا ساراڭ"لىق بەلگىسى ئىدى،
بىلمىگەچكە ھورۇنلۇقنى ئۇ.
ئاگا ئەمگەك شان-شەرەپ ئىدى،
"ئاق نانچى"لىق نومۇسلۇق تۇيغۇ.

ئېيتار ئەمدى ھىسسىياتىنى:
— جا ساراڭدۇر ئۆتكەن شۇ زامان.

تەييارتاپلىق بولدى رەزىللىك،
ئوڭشالغاچقا ئەمدى بۇ زامان.

1979 ـ يىل ئاپرېل.

## غۇنچىمەن

كوكلەمدە گۇل ئۇنسە قىرلاردىن،
گۇللەر بولار پۇراقلارغا جام.
ئۇنى ئىچەر قانماستىن شامال،
ئەمما پۇراق بولمايدۇ تامام.
پۇراقلىرى پۈتمەس غۇنچىمەن؛
گۈزەللىكتۇر مەندىكى ئارمان.

## سوئال ـ جاۋاپ

شاتۇتى بۇلبۇلنى كورۇپلا دەرھال
قاقاخلاپ كۇلدى ـ دە، سورىدى سوئال:
ـــ قارىساڭ ئەپتىمدىن چىقىدۇ شاھلىق،
تاجىم زەر، لېۋىم زەر، بولىسەن مالال.

قوندۇغۇم ئالتۇندىن، دانچۇغۇم كۈمۈش،
كوزۇڭنى چاقىدۇ مەندىكى جامال.
ئېيتقىنا مەندە بار ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن،
بارمىدۇ سېنىڭدە بىر ـ ئىككى مىسقال؟
بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا پەۋەس مەس ئىدى،
كوزلىرى چىمەندە لەۋلىرى دىـدى:
ـــ تاجىمىۇ، لېۋىمىۇ ئەمەس ئالتۇنــدىن،
قوندىغىم گۈل شېخى، ئوزۇغۇم ئاددى.
بايلىغىم ئەركىمدۇر ئالتۇندىن قىممەت،
گۈزەللىك ـــ مەندىكى سۆيگۈنىڭ دەردى.
ئولچەشكە تارازا تېپىلماس بۇنى،
شۇ سەۋەپ قىممىتىم ئوسەر ئەبــدى!

1979 ـ يىل ئىيۇل.

تېمۇرە گۇەنچىڭفۇ* (شۋە)

# ئالتۇن كوۋرۇك

(مۇخەممەس)

ئىلى سۇيى تالاي زامان ئاقتى نالە ـ پىغان بىلەن،
قىيا تاشلار قىيسىپ ياندىن، ئۇستى تولۇپ تۇمان بىلەن.
قانچە ئەجدات چەكتى ئازاپ، كېمە سورەپ ئارقان بىلەن.
يۈرەك باغرى زەرداپ بولۇپ خارلىنىپ تەڭ ھايۋان بىلەن،
ئۆتتى قىلچە خوۋلۇق كورمەي بۇ جاھاندىن ئارمان بىلەن.

چىرىك مەنچىڭ پىقىراتتى بىر چاغ قارا قامچىسىنى،
قىلدى ۋەيران شۇم گومىنداڭ يېزىمىزنىڭ قانچىسىنى،

*ئاپتور بۇ شېئىرلارنى ئۇيغۇرچە يازغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچتى بايلار قويماي يوقسۇل يىلىگىنىڭ تامچىسىنى،
بىلمەس ئىدى يالماۋۇزلار ياۋۇزلۇقتىن باشقىسىنى،
بۇ يۇرتىمىز قالغان تۇندە پەرقلەنمەي زىندان
بىلەن.

چىقتى قۇياش ماۋجۇشىمىز، يەتتى ھالۇ ـ دەردىمىزگە،
باشلىدى نۇر دەرياسىنى تەشنا بولغان قەلبىمىزگە،
بەردى مەڭگۈ تالمايدىغان ئالتۇن قانات قەددىمىزگە،
بانىغا①، مىڭ ـ مىڭ بانىغا غەمخور داھى ئاتىمىزغا،
گۈل-گۈلۈستان بولدى چۆللەر تولۇپ لالە ـ رەيھان بىلەن.

. . . . . . . . . . . .

سىبىرىيە ئېيىقلىرى بولدى مىنمەك يەلكىمىزگە،
ساتىقىنلارمۇ قىلدى شۇملۇق ھەر بىر يۈرۈش
يەلكىمىزگە،
دولقۇن يېرىپ ئۇردۇق پالاق قايناپ غەيرەت
قەلبىمىزدە،
چارەك ئەسىر يۈكىنى بىز توشۇپ ياغاچ كېمىمىزدە،
توختىمىدۇق لوجى ـ لاتقا كېلىپ ئارتقا تارتقان بىلەن.

چاراقلىدى ۋادىلاردا چىراقلاردىن يۇلتۇز يېنىپ،
ئەزىم دەريا توپىسىگە قوندى ھەسەن ـ ھۈسەن كېلىپ،

① بۇ شۇۋەچە سۆز بولۇپ، رەھمەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇ كوۋرۇكتىن ئۆتۈپ كېلەر يۇرتىمىزغا بەخت كۈلۈپ،
لەپىلدەيدۇ قولىمىزدا قىزىلبايراق جەۋلان قىلىپ،
غايەسىرى ئىلگىرىلىدۇق ئۇزۇلمەس چوڭ كارۋان بىلەن.

ماڭغىنىمدا ئاشۇ بەخت كوۋرۇگىنىڭ توپىسىدە،
قېتىلىدۇ ئىلى سۈيى ھېسسىياتلىرىم ئۇركىشىگە،
موجىزىلەر يارالماقتا ئانا ۋەتەن گۈلشىنىدە،
تالاي ئارمان ئاتتى چېچەك شۇ خەلقى يۈرىكىدە،
خۇاجۇشىمىز گۈللەندۈرگەن بۇ نۇرانە دەۋران بىلەن.
1975 ــ يىل ئوكتەبىر، چاپچال.

## سايرامغا مۇھەببەت

ئەي سايرام، خاسىيەت تولۇپ تاشقان كول،
تەرىپىڭ تىللاردا تۈگىمەس داستان.
يېنىشلاپ ــ يېنىشلاپ كورسەممۇ سېنى،
يەنە بىر كورسەم دەپ قىلىمەن ئارمان.

تەلپۈنۈپ يول بويى ساڭا يۈرىكىم،
ئالدىراپ ماڭدىمەن داۋان ئاشقىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

كورگەندە، باغرىڭغا ياقتىم يۈزۈمنى،
يېڭى بىر لەززەتنى بەردىڭ باشقىچە.

ئېتىكىڭ ئۈستىدە چاپار چوپانلار
يايلاققا بىر تەكشى ئاق بۇلۇت يېيىپ.
چۈشمەكتە ئۇسۇلغا باھار گۈللىرى
ياپ ـ يېشىل ۋادىغا رەڭدار گۈل چېچىپ.

ئۈرۈلسا قىرغاققا كوكۇش دولقۇنلار،
ئۈزىدۇ ئاققۇلار ئىچىگە قاراپ.
كورۈنەر قارغايلار چوققىدىن چۈشۈپ—
يېيىلغان تۇماندەك ھەر يانغا تاراپ.

ئەگىسە بۇركۇتلەر زەڭگەر ئاسماندا،
ياڭرايدۇ يېقىملىق ئاقىن ناخشىسى.
بۇژغۇنلار شاۋقۇنى بولىدۇ تەڭكەش،
كۈيلەرگە مەس بولار جۇڭغار ۋادىسى.

ئېخ سايرام، يۈرتۇمنىڭ ياقۇت كوزى سەن،
ھەر يەردە يۈرسەممۇ ئىشقىڭ دىلىمدا.
چۈنكى ھەر گىياھىڭ كىرپىگىمگە تەڭ،
ھەر تامچە سۈيۈڭ ھەم تامچە قېنىمغا.

1979 ـ يىل ئاپرېل، غۇلجا.

ئېلى ئېزىز

# بىزنىڭ ياچېيكا شۇجىمىز

(راۋاپ قوشىغى)

گۈلشېچېلار ئۈلگىسى،
قەلبى قىزىل ياش يىگىت.
تالماس بىلەك، ئوت يۈرەك،
دۈشمەنگە باش يىگىت.
ئۇ ياچېيكا شۇجىمىز —
بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز.
نەدە بولسا مۈشكۈل ئىش
هازىر بولار شۇ يەرگە.
غەلبە قىلماي قالمايمىز
ئۇ باشلىغان جەڭلەردە.
شۇجىمىزگە مايىل بىز،
غەيرىتىگە قايىل بىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىش ـ ئەمگەك، كۈرەشلەردە،
يالقۇن بولۇپ ياندۇ؛
داغدام يولدا يوقسۇلنى
ئالغا باشلاپ ماڭدۇ.
شۇجىمىز قىزىل‌بايراق،
ئەمگەكچىگە بەك ئامراق.
نامرات ئىدى دۆيىمىز،
بولدى بۈگۈن باياشات.
باشلار ئالغا شۇجىمىز،
قايىنىماقتا ھور ھايات.
ئەگىشىپ شۇ پالۋانغا،
يەتمەكتىمىز ئارمانغا.

## باھار قوشىغى

(ئەجەم مۇقام تېكىستى)

باھارنىڭ كۈنلىرى كەلدى،
ياشاردى ئىگرىغان جانلار.
ئېچىلغاچ قىپ ـ قىزىل لالە،
ياساندى چول ـ باياۋانلار.

كورۇگلار قوينى كەڭ باغنى،
ئېتەگى گۇل ـ چىمەن، كەشتە.
ئوغۇل ھەم قىزلىرى شادمان،
ھايات قاينايدۇ گۇلشەندە.

كەل دوستۇم تاماشا قىل
باغىمنى ـ باھارىمنى.
باھارنىڭ پەيزىدىن ئىلھام
ئېلىپ سايرات دۇتتارىڭنى.
مۇقامىڭغا قېتىپ كۇيلە،
گۇللەنگەن زامانىمنى.

1960 ـ يىل سېنتەبىر.

# ۋەتەن ھەققىدە ناخشا

(ناخشا تېكستى)

ۋەتىنىم ئانام جۇڭگو،
تويمايمەن جامالىڭغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشقىم بېھساپ دىلدا،
سەن ئالتۇن دىيارىمغا.

سەندە ياشنىدىم، كۆلدۈم،
تولدۇم مەن مادارىمغا.
خۇاجۇشى قۇياش كەبى
نۇر چاچقاچ باھارىمغا.

سەن ئۈچۈن جېنىم بەرسەم،
يېتەرمەن مرادىمغا.
قوغدايمەن سېنى مەڭگۈ
سادىق بوپ قارارىمغا.

زەينۇرەم ئەيسا

# دوستلۇق كوۋرۇگى

ئۇچتۇرپاندا بىر دەريا بار يامانسۇ ئاتلىق،
ئېقىشى تېز، يېتەلمەيدۇ ھەتتا قاناتلىق.
ئوتمۇشتە ئاپەت باسقان قىرغاق ـ بويىنى،
قاپلاپ كەتتى بۈگۈن مانا خوشاللىق ـ شاتلىق.

ئەسىرلەردىن بوي بەرمىگەن بۇ ئەزىم دەريا،
تىزگىنى يوق توسۇن ئاتقا ئوخشايتتى گويا.
تاغ سۇلىرى ئېرىگەندە تېشىپ قىرغاقتىن
كەلتۈرەتتى ئەل بېشىغا مۇسىبەت ـ ھازا.

يان ـ يېنىغا توختالغۇسىز ئاپەت چاچاتتى،
شەھەر، يېزا بايلىقىنى يالماپ قاچاتتى؛
بويلىرىدا ياشاۋاتقان نامرات ـ يوقسۇلغا،
ئەجەل خۇددى ئەجدىھاردەك ئېغىز ئاچاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەچچە كوۋرۇك سېلىنسىمۇ دەريا ئۈستىگە،
بېرەلمىگەن ئەسلا بەرداش كەلكۈن سۈيىگە.
بۇ دەريانى تىزگىنلەشنى، كوۋرۇك سېلىشنى
پۈكۈپ كەلگەن ئۇزاق يىللار خەلق كۆڭلىگە.

ئارمىيە ھەم خەلق ئەگەر بولسا بىر كىشى،
تېپىلمايدۇ بۇ دۇنيادا ئەسلا تەڭدىشى.
تىزگىنلىنىپ تەلۋە دەريا بولدى تەرتىپلىك،
ئوخشاپ كەتتى ئىككى قاشتا گۈلشىنىڭ ئىشى.

كەمبەغەل ھەم تۆۋەن ئوتتا دىخانلار بىلەن
چېگرادىكى ئارمىيەلەر بىرلەشتى مەھكەم.
بىللە ئىشلەپ، بىللە توكۇپ ئۈنچە تەرىنى
قۇرۇپ چىقتى بىر كوۋرۇكنى ئاجايىپ كۆركەم.

قەھرىتاندا ئۇلار سۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ،
قېقىپ چىقتى بازغانلاردا پولاتتىن تۈۋرۈك.
بىرلەشكەن كۈچ قۇدرىتىدىن ئەزىم دەريانىڭ
دەل ئۈستىدە بولدى بىنا ئاسفالت كوۋرۇك.

ئەلمىساقتىن بويى بەرمىگەن يامانسۇ ئەمدى،
ئەل كۈچىگە تەسلىم بولۇپ مانا باش ئەگدى؛

ئارمىيە ھەم خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقى چىڭ،
خۇاجۇشىغا تەلپۈندۇ تا مەڭگۈ قەلبى.

# شېىر ئوقۇش يىغىنى

(ساتىرا)

زال ئىچىدە ئولتۇرىدۇ بىر ئايال،
بارغانسېرى ئولتۇرالماي لومۇلدەپ.
"ياغۇنچاقنىڭ ئۇنىمۇ بۇ، ئويۇنمۇ،
ھىس ـ تەپەككۇر، گۈزەل پىكىر قېنى" دەپ.

"نىمىشقىمۇ كەلگەندىمەن زورلىسا،
نىمىشقىمۇ ئالغاندىمەن بېلەتنى.
قەغەزلىك قول، مىدىرلىغان ئېغىزنى،
كور دەپتۇ ـ دە زاڭلىق قىلىپ خەق مېنى".

زال تېشىدا ياقىلىشىپ شائىرجان،
غەۋغا سالار دەپ: "كىرمەيمەن نىمىشكە؟
مەن يازغانىمۇ ۋەزنىلىك گەپ" دېسىمۇ،
ئامال قانچە بېلىتى يوق كىرىشكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

نەيىم يۈسۈپ

## داچىڭدىن كەلگەن شۇجى

بىپايان نېفىتلىك گويا بىر جەڭگاھ،
نېفىتچى ئىشچىلار جەڭگە پەرۋانە.
ھەر قاچان، ھەر ئىشتا سەپىنىڭ ئالدىدا،
ئىشلەيدۇ تەر توكۇپ شۇجى مەردانە.

قۇياشنىڭ نۇرىدا سېنىك قالپىقى،
پاقىرار كۈمۈشتەك كوزنى چاقنىتىپ.
ئىشلەيدۇ شۇجىمىز ئىشچىلار بىلەن،
زەپەردىن جەڭگىۋار ناخشا ياڭرىتىپ.

ئاقىدۇ تاراملاپ مەرۋايىت تامچە،
ماڭلاي ھەم مەڭزىدىن ھەتتا چېچىدىن.
قىزارغان كوزلىرى بېرىدۇ دېرەك
ئۇيقۇسىز ئوتكۈزگەن سانسىز كېچىدىن.

ئۇ قۇدۇق بېشىدا ئىشلىسە بىر دەم،
دەم ۋىشكا يېنىدا بولىدۇ پەيدا.
قەيەردە بولغاندا ئىشنىڭ مۇشكۇلى
ئۇ هامان شۇ ئىشقا بولىدۇ شەيدا.

بىر قاراپ "پىشقەدەم ئىشچىكەن" دەيسىز،
ئۇ ئەسلى نېفىتلىك پارتكوم شۇجىسى.
جەينەك ھەم بويىندا تۇرغان تاتۇقلار
جەڭگىۋار يىللارنىڭ ئۇچمەس تامغىسى.

كۇرەشچان دەۋرىمىز پىشقەدەملەرگە
ئاشۇنداق جۇشقۇن روھ، ئىجتىھات بەرگەن.
ئەسلىدە بىزنىڭ بۇ ياخشى شۇجىمىز
ۋاڭ جىنشى يۇرتىدىن — داچىڭدىن كەلگەن.

# ئانا

كەچ كۈز پەسلى، يېرىم كېچە، تاغ بېشىدىن،
جۇڭغارىيە ئاسمىنىغا كوچۇپ بۇلۇت.
ياپتى ئاستا ئاي ۋە يۇلتۇز جامالىنى،
چەك-چېكى يوق قوڭۇر رەڭلىك چۇمبەل بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوكتە بۇلۇت، يەردە مولدۇر ھەم شۇرغان،
تىترەر ئىدى چولنىڭ توغراق، ئېدىرلىرى.
دولقۇنلىغان دېڭىزدىكى يەلكەنلەردەك،
ئىغاڭلايتتى چارلاش دۇيىنىڭ چېدىرلىرى.

ئۇخلار ئىدى چېدىرلاردا شۇنچە شىرىن،
چولدىن نېفىت ئىزلەۋاتقان قەھرىمانلار.
ئۇنلاپ داچىلىك بەرپا قىلىش كۇرىشىگە
مەرت، پىداكار قاتتىق سوڭەك پەھلىۋانلار.

پەسەنت قىلماي مولدۇر بىلەن شۇرغانغا،
چېدىر ئارىلاپ يۇرەر بىراۋ شۇ كېچىدە.
"بۇ تۇيۇقسىز جۇدۇن زۇكام تەككۇزمىسۇن
ئىشچىلارغا......" شۇرلايتتى ئوز ئىچىدە.

ئۇتەر ئىدى كوز ئالدىدىن ئۇنىڭ شۇندا،
قاتتىق ئىشلەپ تېز يۇكسەلگەن مەرت ئىشچىلار.
يېڭى تارىخ بەخش ئەتكەن ئېغىر يۇكنى
زىممىسىگە ئالغان قەيسەر نېفىتچىلار.

ئوز ئوزىگە دەيتتى: "مۇشۇ باتۇرلارسىز
ئانا ۋەتەن ئىشى تاپماس ھەرگىز روناق؛

بولغاچ شۇنداق غالىپ قوشۇن، توت جەھەتتە
زامانىۋى دولەت قۇرۇش ئەمەس ئۇزاق......"

ئۇتتى ھىملەپ پەرۋانە بوپ ياتاقلارغا
سوغاق كىرىپ تۇرغان يۇچۇق، پەنجىرلەرنى.
ۋە چىگىتتى چىدىرلارنى تۇتۇپ تۇرغان
تومۇر قوزۇق، ئاغامچا ھەم زەنجىرلەرنى.

پۇت ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ ياتاقلارغا
ئارىلىدى ھەممەيلەنگە نەزەر سېلىپ.
ئۇچۇق يېتىپ قالغانلارغا ياپتى يوتقان
مەش ئوتىنى ئۇلغايتتى ئۇ ئوتۇن سېلىپ.

ئەنە شاگىرت ئىشچى دوستۇم شۇ ئەسنادا
ياتار ئىدى يوتقىنىمۇ يوق ئۇستىدە.
توڭغىنىدىن سەل تۈگۈلگەن، ئۇخلاۋېتىپ
كورمەكتە ئۇ ئانىسىنى ئوز چۇشىدە.

يېڭى جەڭگە ئۇزىتارمىش ئانا ئۇنى
خالتا-خالتا يەل-يېمىش ھەم توقاچ راسلاپ.
"ئونلاپ داچىلىك يارىتىشقا كوپ ھەسسە قوش،
ئەنسىرەتمەي پات-پات خەت ياز......" دەر يېنىشلاپ.

شۇندا ئۇنىڭ يەرگە چۈشكەن يوتقىنىنى
ئېلىپ بىراۋ ئاستاغىنا ياپتى ئاگا.
ئەندىكىپ ئۇ، چوچۇپ يېرىم ئۇيقۇلۇقتا،
دىدى ئۇنلۇك:" غەم قىلمىغىن مەندىن ئانا!"

شۇ چاغ بىردىن ئويغىنىپ ئۇ كوزىنى ئېچىپ
جژداۋيۈەننى كوردى يوتقان يېپىپ قويغان.
كوز ئالدىدا بولدى ئايان ئانىدىنمۇ
مېھرى ئوتلۇق ياخشى باشچى ـــ شۇ قەھرىمان.

塔里木激浪
（诗　集）
（维吾尔文）
中国作家协会
新疆维吾尔自治区分会编
民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：787×1092毫米1/32　印张：9 3/4
1980年2月第1版
1980年7月北京第2次印刷
印数：6,301—13,500册　定价：0.61元
书号：M10049(4)76